# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2000·5




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلىدى



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

5 كۈن داۋاملاشقان ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - يىغىنى 1 - ئاپرېل يېپىلدى. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئوت مۇداپىئە نىزامى (تۈزىتىلمىسى)» ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى. دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى ۋە ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



كومىتېت ئەزالىرى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئوت مۇداپىئە نىزامى (تۈزىتىلمىسى)» نى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى.



كومىتېت ئەزالىرى مۇھىت ئاسراش توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرىلەشتى.



ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.



ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كومىتېت ئەزالىرىغا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان بودىيىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.



كومىتېت ئەزالىرى نىزامنىڭ ماقۇللانغانلىقىنى ئالقىشلىدى.




10 - ئاپرېل ئاپتونوم رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئاپتونوم رايوننىڭ «ئوت مۇداپىئە نىزامى» بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماجىيەنگو يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

# ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، تەرەققىياتقا ئىتتىلەيلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش چاقىرىقى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ياڭرىغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جېڭىگە ئاتلانغان تارىخىي پەيتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ بۇ يىللىق مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا شان-شەرەپ يارىتىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىدۇ.

ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىلگىرىكى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن ئۆزگەرگەن. بۇ نام جەھەتتىكى ئاددىيلا ئۆزگىرىش بولماستىن، بەلكى ئىلگىرى ئاساسلىقى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تارتىپ، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرىلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشىغىچە بولغان جەھەتلەردىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنى ئومۇمىي پرىنسىپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇھىم نۇقتا، كەنتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بۆسۈش ئېغىزى قىلىنىپ، ئاساسلىقى ئاساسىي قاتلامنى قانۇن بويىچە تۈزۈش تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئەدلىيە، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن مۇلازىمىتى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى قاتارلىق ئالتە جەھەتتە خىزمەت كۈچەيتىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئاساس قىلىنغان قانۇن بويىچە تۈزۈش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى يېتەرلىك قوزغاپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن تەرتىپىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ شۇنىڭدەك يۇقىرىلارنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى قانۇن-تۈزۈم مۇھىتى يارىتىش ھەمدە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپە مۈشكۈل، مۇرەككەپ، تەرتىپلىك، پەيدىنپەي ئورۇندىلىدىغان ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، چوقۇم ھەممە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەدەممۇقەدەم پۇختا ئىلگىرىلەپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتى زور. شۇڭا، باشتىن ئاخىر تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى چۆرىدەپ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. يەرلىك نىزام چىقىرىش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىش، چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش، كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇننى تەتبىقلىشى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىشىگە، ھەر دەرىجىلىك قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولغان، قانۇننى ئاساس قىلىدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان قانۇن تۇرۇقلۇق ئۇنى ئاساس قىلمايدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى دەپسەندە قىلىدىغان چىركىنلىك ھادىسىلىرىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن «ئادەم ئىدارە قىلىش» تىك تەپەككۇر ئادىتى ۋە ھەرىكەت ئادىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سەۋىيىسى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيلىكىنى يېڭى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

«غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىمۇ باشلاندى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ۋە ھەر ساھە ۋە كەسىپلەر ئۆزلىرىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدىكى تەرەققىيات پىلانلىرىنى تۈزمەكتە. شەرقىي رايوندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ۋە چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرمەكتە، مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىشىش تۈرلىرىنى كېڭەشمەكتە. جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپى بويىچە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پائال رول ئويناپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئاتلانغان ئەزىمەتلەرنى قانداق قىلىپ كۈچلۈك قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىش، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىنى قانداق قىلىپ قانۇن بويىچە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىشى، خىزمەت ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈشى كېرەك، پارتىيىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قانۇنغا ھۆرمەت قىلىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان ۋە قانۇنغا ئەمەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2000 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 206 - سان) (20 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل

**ئوبزور**

ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، تەرەققىياتقا ئىنتىلەيلى --- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى**

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاكتىپ رول ئوينىشى كېرەك ------------------------------------------------ ھامىدىن نىياز (4)

**بىلىم كۆزنىكى**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق ------------(10)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر**

غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە قانۇننازارەتچىلىكى -------------------- ئادىلجان (20)

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ مەنىسى، تەلىپى ۋە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا --------------------------------------------------- پانىگۈل ئىمىن (23)

**خىزمەت تەتقىقاتى**

يۈزتۈرانە تەشۋىق - تەربىيە ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ سۈپىتىگە تاقىلىدىغان چوڭ ئىش --------------------------------------------------- ئوبۇل مۇھەممەت (28)

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ئون تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ------------------------------------------------------ يىن ۋېنباڭ (33)

مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا ------------------------------------------------------ ئايگۈل مەمەت (38)

خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاۋازغا قويۇش شەكلى ئۆزگەرتىلىشى كېرەك چىڭ جۈنچى (40)

خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قانۇننىڭ ئىجراسىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈشى مۇۋاپىق ئەمەس --- (41)

**قانۇن تەتقىقاتى**

مائارىپ ئەسلىھەلىرىدە زور ھادىسە پەيدا قىلىش جىنايىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ------------------------------------------------------ مەمتىمىن موللانىياز (42)

**مۇلاھىزە**

ئاساسىي قانۇندىكى « 切权力 — » دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ---------- ئابلەت مامۇت (44)

يېڭى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتى توغرىسىدا ---------- تاھىر مامۇت (46)

ئىلىم – پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەخلاقتا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ---------- رەھىم يۈسۈپ (48)

**باشلامچىلار**

شالدىراڭلىقلارنىڭ ياخشى باشلامچىسى ---------- نۇرامەت زايىت (50)

**جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش**

روھىي گادايلارغا دەۋرىمىزدىن ئورۇن بەرمەيلى ---------- تۇرسۇن ياسىن (51)

**تەكشۈرۈش دوكلاتى**

چىرا ناھىيىسىدە يېزا – بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ خىزمەتلىرىدە تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى ---------- مەنقۇربان ھوشۇر (52)

**تارىختىن سۆز**

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىشلىتىلگەن مېتال پۇللار ---------- نۇرۇللا مۆئمىن يۈلغۇن (53)

**خەۋەرلەر**

14 پارچە قىسقا خەۋەر ---------- (55)

**بىلىمۇبىلىك**

دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن غەرب دۆلەتلىرى پارلامېنتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ ---------- (62)

ئون خىل كىشىلەر چاي ئىچسە بولمايدۇ ---------- (63)

**ئەتىرگۈل**

سەھرا ---------- ئابدۇكېرىم ئۆمەر (64)

ئۇستازلىق پەخرىدە مەن ئۆزۈمگە شاھ ---------- جانىخان ئەلىشا (تاجىك) (64)

رۇبائىي ۋە پارچىلار ---------- باتۇرجان ئاتىخان (تاجىك) (64)



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە

نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 – كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تېكىستى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارسانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئۇراش – قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 – 1166 / D

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 – 58

پوچتا نومۇرى: 830000

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 – قورۇ

تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاكتىپ رول ئوينىشى كېرەك

ھامىدىن نىياز



نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىمىز لازىم. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىدىيىمىزنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مەركىزىي كومىتېت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپ ئورۇنداپ، يېڭى ئەسىرنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ قىزىق تېمىغا غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي، شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى «ئىككى ئومۇمىيەت» ھەققىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىگە ئاساسەن، يىراقنى نەزەر تاشلاپ، ئومۇمىيەتنى

ئىگىلەپ، يېڭى ئەسىرنى كۈزلەپ چىقارغان زور تەد-
بىر. بۇ زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنىڭ يولغا قويۇ-
لۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىما-
ئىي تەرەققىياتىغا تېپىلغۇسىز پۇرسەت ياراتتى، ئاپتو-
نوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە گۈزەل تەرەق-
قىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ
راسا گۈللىنىشىگە، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ساغلام،
تېز راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇش بىلەن بىر-
گە، شىنجاڭنىڭ قالاق، يېپىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ،
شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى زور دەرىجىدە
تېزلىتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇر-
مۇش سەۋىيىسىمۇ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگە-
شىپ داۋاملىق ياخشىلىنىدۇ ۋە ئۆسىدۇ. شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىشقا زور ئۈمىد باغلىماقتا. پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنمۇ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدىن زور
ئۈمىد كۈتمەكتە. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شىن-
جاڭ ئىقتىسادىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ۋە
جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش زامان ئاپ-
تونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر مىللەت
كادىرلارغا يۈكلىگەن شەرەپلىك ھەم مۇقەددەس ۋەزىپە.
دەرۋەقە، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۇزاق
مۇددەتلىك ۋەزىپە، بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد كىشى-
لەرنىڭ هارماي ـ تالماي تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.
بىز بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ گۈزەل تەرەققىيات
ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىشىمىز، يەنە بىر تە-
رەپتىن ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقلارغىمۇ جىددىي قا-
رىشىمىز كېرەك. دۆلەت غەربىي رايونلارغا سېلىنىدى-
غان سېلىنمىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش ۋە بەزى زۆرۈر
سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق يار ـ يۆ-
لەك بولىدىغان، شەرقىي رايونلارمۇ كۆپ خىل شەكىل-
لەر بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت ۋە
ياردەم بېرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا غەربىي را-
يونلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تا-
يىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش
قىلىشىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز چوقۇم پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
رەھبەرلىكىدە، مەركەزنىڭ زور ئىستراتېگىيىلىك
تەدبىرىنى ئىجادچانلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ
تارىخىي پۇرسەتنى تولۇق تونۇپ ۋە چىڭ تۇتۇپ، بىر
نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىق-
تىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى راسا ئىلگىرى
سۈرۈشىمىز، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشىنى پۇختا
قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا،
ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، كۆز
قاراشنى يېڭىلاش. ئىدىيىدە تولۇق ئازاد بولماسلىق،
كۆز قاراشنى تولۇق يېڭىلىمىماسلىق، پۇرسەتنى تۇتۇش
دېگىنىمىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. غەربىي
قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن-
لىشىش ئۈچۈن، پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىن قېپقال-
غان بەزى كونا تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە خىزمەت ئۇسۇ-
لىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلىشىمىز كېرەك. بە-
رىنچىدىن، «ئۆچكە پايدىلىق بولۇش» قارىشى ۋە بازار
ئىگىلىكى قارىشىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.
«كاپىتالىزمىمۇ» ياكى «سوتسىيالىزمىمۇ» دېگەن ئەندى-
شىنى، «ئومۇمنىڭمۇ» ياكى «خۇسۇسىينىڭمۇ» دېگەن
ئىدىيىۋى توسالغۇنى بۇزۇپ تاشلاپ، بازار ئېڭى ۋە رى-
قابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بازار
ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش
كېرەك. بولۇپمۇ پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى
ۋە يېڭىدىن تۈزىتىلگەن ئاساسىي قانۇندىكى ئومۇمىي
مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دېگەن
بايانلار ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ
، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تە-
رەققىياتىنى يۈرەكلىك قوللاپ، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى سالمىقىنى زور
دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئۇنى تېزرەك ئاپتونوم رايونىمىز
ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى نۇقتىسى قىلىش

كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئېچىۋېتىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شۇنى چوڭقۇر تونۇشىمىز كېرەككى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئارقىدا قالغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان، قۇرۇلۇش مەبلىغى، ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولغان جايدا، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش تېخىمۇ زۆرۈر، ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ قۇرۇلۇش قىلىش ئاقمايدىغان گەپ. ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن، بولۇپمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىن مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى پائال كىرگۈزگەندىلا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنى تېز يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ. بىز چوقۇم «سەنمۇ پۇل تاپ، مەنمۇ تەرەققىي قىلاي» دەيدىغان قاراشنى، ئىگىدارلىق بىلەن ھېسابلاشماي، بىزدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇپ، چىن دىلىدىن شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە كەلگەن بارلىق ئىچكى ـ تاشقى زاتلارنى قارشى ئېلىشىمىز، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۇلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىشىمىز، ئۇلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشىمىز ۋە ئېتىبار بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوغدىشىمىز ۋە قوللىشىمىز لازىم. ئۈچىنچىدىن، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، «پايدا ـ نەپ باشقىلارغا كېتىپ قالمىسۇن» دەيدىغان تار مەھكىمىچىلىك ئىدىيىسىنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. شىنجاڭ مول يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقىغا ئىگە. بۇ مەسىلىدە يىراقنى كۆرۈشىمىز، زىيان تارتىپ قالارمىزمۇ، بايلىقىمىزنى ئېلىپ كېتەرمۇ دەپ ئەندىشە قىلماسلىقىمىز لازىم. مېنىڭچە، بايلىق يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقاندىن كۆرە، ئېچىپ پايدىلانغان ياخشى. بايلىقنى ئاچقاندىلا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور مەدەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ مەركەز يېقىندا بەلگىلىگەن «غەربنىڭ گازىنى شەرققە توشۇش» قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە ئەمەلىي ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي نەپ يەتكۈزىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى دۆلەتكە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە پايدىلىق بولغان بۇ فاڭجېن، سىياسەتنى ئاكتىپ ھىمايە قىلىپ ۋە قوللاپ، بالدۇرراق ئېچىپ، بالدۇرراق مەنپەئەتلىنىش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، زور دەرىجىدە تەرەققىي تېپىش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، «ئالتۇن تاۋاقنى كۆتۈرۈۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىش» ئەھۋالىغا قەتئىي خاتىمە بېرىشى لازىم.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانداق رول ئويناشى كېرەك؟ بۇ دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكى بارلىق خادىملار ئويلىشىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك زور مەسىلە. مېنىڭچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چوقۇم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئومۇمىيەتكە خىزمەت قىلىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پائال، تەشەببۇسكار ئىشلەپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئاتلىنىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

**1. قانۇن چىقىرىش ۋە چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ياخشى سىياسەت ۋە قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىش لازىم.**

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ مۇكەممەل قانۇنچىلىق كاپالىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمىي كومىتېتى 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا تەستىقلاتتى. بۇ پات ئارىدا تۆۋەنگە تارقىتىلىدۇ. بۇ پىلان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش روھىغىمۇ ئۇيغۇن. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ماقۇللانغان قانۇن چىقىرىش قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش تۈزۈمى بەلگىلەنگەن تۈپ قانۇن بولۇپ، يەرلىك نىزام چىقىرىشىمىزنىمۇ قانۇن ئاساسىغا ئىگە قىلدى. بۇ بىزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىزگە شارائىت يارىتىپ بەردى. بىز قانۇن چىقىرىش قانۇنىغا ئاساسەن، قانۇن چىقىرىش پىلانىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، قانۇن چىقىرىش ئېھتىياجى جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئېھتىياجلىقلىرىنى ئاۋۋال چىقىرىش پرىنسىپى بويىچە، بىر قەدەر پىشقان سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا يەرلىك نىزام قىلىپ تۈزۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ چوڭ - چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشىمىز ۋە ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە ئاتلانغان ئىچكى - تاشقى زاتلارنى بىر قەدەر مۇكەممەل قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىشقا ئائىت سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبە توپلاپ، مۇناسىپ نىزام لايىھىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تەييارلاپ، شىنجاڭنى ئېچىۋېتىش ۋە گۈللەندۈرۈش جەھەتتە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان نىزاملارنى تېزرەك تۈزۈشكە ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. زۇڭلى جۇرۇڭجى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا: «ئىستېمالنى چەكلەيدىغان بەزى سىياسەت ۋە نىزاملارنى ئېنىقلاپ، مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئىستېمالغا تۈرتكە بولۇش، ئېكسپورتنى ئاشۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ تەلەپكە ئاساسەن، بىز ئىلگىرى تۈزگەن يەرلىك نىزاملارنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت نىزام، ھۆججەتلەرنى ئېنىقلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئېچىۋېتىش ۋە گۈللەندۈرۈش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىنى بىكار قىلىشقا توغرا كەلسە بىكار قىلىشىمىز، تۈزىتىشكە توغرا كەلسە تۈزىتىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن قارار چىقىرىش ھوقۇقىمىزنىمۇ ئوبدان يۈرگۈزۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئائىت چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە ۋاقتى - ۋاقتىدا قارار، بېكىتمە چىقىرىشىمىز كېرەك.

غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىتتىپاق ۋە مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتقا موھتاج. مۇقىملىق بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ زور پرىنسىپال مەسىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر مەيدانىمىز مۇستەھكەم ھالدا خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ساداقەتلىك بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، نۆۋەتتىكى تىنچ - ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەتئىي قوغدىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈستۈنلۈكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش يولىدىكى خىز-

مىتىنى پائال قوللىشىمىز لازىم. بۇ يىل 5 ـ ئاي ئاپ-
تونوم رايون بويىچە 18 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى تەربىيە ئېيى، ئاپتونوم رايون شۇ چاغدا مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچىدۇ
. بىز كېيىنكى قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى
قوغداش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى
ئاڭلايمىز ۋە قاراپ چىقىمىز ھەمدە مۇناسىپ قارار چى-
قىرىمىز. كۆپچىلىكنىڭ ھازىردىن باشلاپلا ئەستايىدىل
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قاراپ چىقىش پىكىرلىرىنى
تەييارلاپ، ياخشى قارار چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن.

**2 . نازارەتچىلىك ـ تەكشۈرۈش سالمى-
قىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەربىي قى-
سمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش فاڭجېن، سىيا-
سەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشقا
كاپالەتلىك قىلىش لازىم.**

بۇ يىل دۆلەت غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىمۇ غەربىي
قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەن-
دۈرۈشنى تېزلىتىشكە ماس كېلىدىغان كونكرېت سى-
ياسەتلەرنى چىقارماقچى. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى خېلى
ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى.
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
مەركەزنى دەۋر قىلىش، ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش يېتەكچى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، نازارەتچى-
لىك سالمىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، مەركىزىي كو-
مىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ چوڭ ـ چوڭ
فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ۋە ئۈنۈملۈك
ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ
يىلقى نازارەتچىلىك خىزمىتى توغرىسىدا ئاپتونوم را-
يونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى
تەستىقلىغان دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا
ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ بۇ يىللىق خىزمەتلەر توغرى-
سىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلدى، بۇلار غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش
ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش تەلىپى بويىچە
ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى
بارلىق خادىملار ۋە ھەر قايسى خىزمەت ئاپپاراتلىرى
ئۇنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. زۇڭلى
جۇرۇڭجى گوۋۇيۇەنگە ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوك-
لاتىدا «مەركەزنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرى ۋە دۆلەتنىڭ
قانۇن، نىزاملىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتا، نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە
قاتتىق تۇتۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. بىز نازارەت-
چىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىمۇ مۇشۇ روھنى تو-
لۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ
باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە
باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئى-
گىلىكى تەرتىپىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە
قوغداپ، ھەر قايسى جەھەتتە ئىلمىي باشقۇرۇش تۈزۈمى
ۋە مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈپ، مەركەزنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىشتىن ئىبارەت زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى ۋە
مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارلارنى ئى-
جۇشلۇق ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشىغا، ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى
ئۈبدان ئورۇندىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

**3 . پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلى-
كىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش لا-
زىم.**

يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن بىر قاتار
مۇھىم سۆزلىرىدە يەنى ۋەزىيەتتە پارتىيە رەھبەرلىكى-
نى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى قايتا ـ
قايتا تەكىتلىدى. كومىتېت باشلىقى لى پېڭمۇ

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
خىزمەت دوكلاتىدا: خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە چو-
قۇم پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش كې-
رەك، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. مۇشۇنداق زور ۋە جىددىي
سىياسىي مەسىلىگە بىز چوقۇم تولۇق ئەھمىيەت بې-
رىشىمىز كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك
يادرولۇق ئورنى تارىختا شەكىللەنگەن، جۇڭگودىكى ھەر
مىللەت خەلقى ئۇنى چەت ئەلنىڭ ھاقارەتلىشىگە تاقابىل
تۇرۇش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدىكى ئۇزاق
مۇددەتلىك كۈرەش ئەمەلىيىتىدە ئورتاق تاللىغان. تا-
رىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، خەلقئارا
ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ بولسا، بىز دۇچ كېلىدىغان
تاشقى بېسىم قانچە زور بولسا، مەملىكەت ئىچىدىكى
قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى قانچە ئېغىر بولسا، پارتىيە رەھ-
بەرلىكىدە شۇنچە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمى-
يەت بېشىدىكى ئورنىنى شۇنچە قوغداش ۋە مۇستەھ-
كەملەشكە توغرا كېلىدۇ. غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆ-
لەمدە ئېچىش ئىشى كۆلىمى چوڭ سىستېما قۇرۇلۇ-
شى، شۇنداقلا مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپە. بۇنىڭدا پارتى-
يىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولمىسا ھەرگىز بول-
مايدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ
ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى قوغداش ۋە مۇستەھ-
كەملەشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەلىيلەش-
تۈرىمىز دېگەنلىك ، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك توپ
سىياسىي پرىنسىپ قىلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتلىرى پارتىيە قارىشىنى مۇستەھكەم تۇر-
غۇزۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، خەلق دې-
موكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي تۈردە قانۇن
بويىچە ئىش قىلىشنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق
ھالدا پارتىيىنىڭ مۇددىئاسىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقى-
لىق دۆلەت ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق ئىرادىسىگە ئاي-
لاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت-
لىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك
ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ
باشتىن ئاخىر ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەيدىغان، ھەر قايسى
تەرەپنى ماسلاشتۇرىدىغان رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى
جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاپ-
تونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىللىرى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر شۇنى
تولۇق تونۇشى كېرەككى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا تازا ئۇيغۇن كېلىدىغان سىيا-
سىي تۈزۈم، ئۇ خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىن
بولۇش ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بىز
غەربنىڭ ئۈچ ھوقۇق تەڭ تۇرىدىغان، كۆپ پارتىيە ھا-
كىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تۈزۈمىنى ھەرگىز كۆچۈرۈپ
كەلمەسلىكىمىز كېرەك، ئۇنى كۆچۈرۈپ كېلىدىغان
بولساق، دۆلىتىمىز پارچىلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، خەل-
قىمىز ئېرىشكەن دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن مەھرۇم بو-
لىدۇ.

قىسقىسى، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا بىز ئىش-
لەيدىغان خىزمەتلەر بەك كۆپ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر پۈتۈن
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 17 مىليون ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ تاپشۇرۇقىنى زىممىمىزگە ئالغان. بىز چوقۇم
ياخشى روھىي ھالىتىمىز ۋە تولۇق تاشقان سىياسىي
قىزغىنلىقىمىز بىلەن غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە
ئېچىشنى ئاكتىپ كۈتۈۋېلىشىمىز ۋە ئۇنى پۈتۈن كۈ-
چىمىز بىلەن قوللىشىمىز كېرەك.

**(بۇ مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ 1 ـ يانۋار ئاپتونوم
رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ 15 ـ يىغىنىدىكى سۆزىنىڭ ئاساسىي قىس-
مى، ماۋزۇسى ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن قويۇلدى )**

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

***37. تەكلىپ بىلەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرنىڭ قانداق پەرقى بار؟***

تەكلىپ بىلەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرنىڭ ئاساسىي پەرقى مۇنداق:

(1) تەكلىپ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئورگان ۋە تەكلىپ قويغۇچىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە ئاساسەن، قۇرۇلتاي ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ قاراپ چىقىشى ھەمدە قارار چىقىرىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان ئەسلى تەكلىپتىن ئىبارەت. تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بولسا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتايغا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا قارىتا ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەۋسىيەلەردىن ئىبارەت.

(2) تەكلىپ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئورگان ياكى ۋەكىللەر تەرىپىدىن قانۇندا بەلگىلەنگەن بىرلىشىپ تەكلىپ قويىدىغان ئادەم سانىغا ئاساسەن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى لازىم. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويىدىغان تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى بىرلا ۋەكىل ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، ۋەكىللەر بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويسىمۇ بولىدۇ.

(3) تەكلىپنىڭ مەزمۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە بولۇشى لازىم. تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بولسا، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر توغرۇلۇق ئوتتۇرىغا قويۇلسا بولىۋېرىدۇ.

(4) يازما شەكىلدە تەكلىپ بېرىشتە تەكلىپ قويۇشنىڭ سەۋەبى، ئاساسى ۋە لايىھىسى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، قانۇن لايىھىلىرىدە يەنە قانۇننىڭ تۈزۈتمە كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىنى قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنىڭ يازما شەكلىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەلەپ بولمايدۇ.

(5) تەكلىپ بىلەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى بىر ياقلىق قىلىش تەرتىپى ئوخشاش بولمايدۇ. تەكلىپنى يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىكنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى ياكى كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى ياكى مۇدىرلار يىغىنى قارار قىلىدۇ ياكى ئالاقىدار تارماقلار، كومىتېتلارنىڭ قاراپ چىقىشىغا ئالدىن تاپشۇرۇلۇپ، ئۇنى يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىق پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن يەنە ھەيئەت رىياسىتى ياكى كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى ياكى مۇدىرلار يىغىنى ئۇنى يىغىن كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ.

***38. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيەلەرنى بىر ياقلىق قىلىش تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟***

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيەلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بىر ياقلىق قىلىنىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 21 ـ ماددىسى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 19 ـ ماددىسى ۋە ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 18 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئالاقىدار ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشىغا ھەمدە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشكە تاپشۇرىدۇ. يېزىلىق، مىللىي

بېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئالاقىدار ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشىغا ھەمدە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشىگە تاپشۇرىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدە يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلىرىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئالاقىدار ئورگانلار، تەشكىلاتلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشى ھەمدە قۇرۇلتاي يېپىلغان كۈندىن ئېتىبارەن 3 ئاي ئىچىدە، ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمىگەن ۋاقىتتا جاۋاب بېرىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەر قايتۇرۇلغان جاۋابتىن رازى بولمىسا، پىكىر بەرسە بولىدۇ، بۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلاتلارغا ياكى ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنى، تەشكىلاتلىرىنىڭ قايتا مۇھاكىمە قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشى ھەمدە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىغا تاپشۇرىدۇ.

***39 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئاممىسى ھاۋالە قىلغان خەت - ئالاقىلەرنى قانداق بىر ياقلىق قىلىدۇ ؟***

خەلق ئاممىسى ھاۋالە قىلغان خەت - ئالاقىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋەكىللەرنىڭ ئاممىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىشىدىكى كونكرېت شەكىللەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېت ئورگانلىرىدا ئادەتتە ئەرزىيەت خىزمىتى تارمىقى تەسىس قىلىنغان بولىدۇ. ۋەكىللەر خەلق ئاممىسى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان خەت - ئالاقىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى ئەرزىيەت تارمىقىنىڭ ئەرزىيەت تەرتىپى بويىچە بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل خەت - ئالاقىنىڭ مەزمۇنىنى ناھايىتى مۇھىم دەپ ھېسابلىسا، ئۇنى قانداق بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدا پىكىر بەرسە بولىدۇ، ئەرزىيەت تارمىقى بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۇنى ئەھۋالغا قاراپ بىر ياقلىق قىلىدۇ.

***40 . خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىۋاتقان دېلولار ھەققىدىكى پىكىرلەرنى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىسى دەپ ئوتتۇرىغا قويۇش نېمە ئۈچۈن مۇۋاپىق ئەمەس ؟***

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىۋاتقان دېلولار ھەققىدە پىكرى بولسا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىنىڭ ئەرزىيەت تارمىقىغا ئىنكاس قىلسا بولىدۇ، ئۇنى ۋەكىلنىڭ تەۋسىيىسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى:

(1) كۆپ سانىدىكى دېلولارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر قايسى تەرەپتىكى ئامىللارغا چېتىلىدۇ، بۇ ھەقتە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىگىلەشكە توغرا كەلسە نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىلىرى تېخى قانۇنلارنىڭ تەتبىقلىنىشى ۋە سىياسەت قاتارلىق مەسىلىلەرگە چېتىلغاچقا، بۇ ھەقتە ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ۋەكىلنىڭ يالغۇز ئورونداپ كېتەلىشى ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ.

(2) ئېلىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 3 مىليوندىن ئاشىدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەممە رايوندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بار. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان ۋەكىللەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان دېلولارنى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ۋە پىكىرلىرىنىڭ تامامەن بىردەك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، ئوخشاش دېلوغا قارىتا بەزى ۋەكىللەر بۇنداق تەۋسىيىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بەزى ۋەكىللەر ئۇنداق تەۋسىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئەھۋاللار ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم كۆرۈلگەنىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشى ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ.

(3) خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك دېلولارنى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىشتا، سوت ئېچىپ قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىش پىكىرلىرىگە،

ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيەتلىك ئىسپاتلىرى ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىنكى پاكىتلارغا ۋە دۆلەت قانۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ، قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. يەنى ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش بويىچە خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئەگەر خەلق سوت مەھكىمىسى دېلولارنى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلغاندا، خۇسۇسىي غەرەز بىلەن قانۇنسىزلىق قىلىپ، دېلولار ئۈستىدىن قانۇن بويىچە ئادىل ھۆكۈم چىقارمىغان بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى بەرسە بولىدۇ. ئالاھىدە چوڭ مەسىلىلەر بولسا ۋەكىللەر خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغان ۋاقىتتا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرمە قويسا بولىدۇ.

(4) خەلق ئاممىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىنىۋاتقان دېلولار توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى سوت مەھكىمىسىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلسا، ۋەكىللەر ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىدىكى ئەرزىيەت تارماقلىرىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ، بۇنى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس.

***41 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەۋسىيەلەرگە بېرىلگەن جاۋابقا قارىتا پىكرى بولسا قانداق قىلىش كېرەك ؟***

ۋەكىللەر تەۋسىيەلەرگە بېرىلگەن جاۋابتىن نارازى بولسا، پىكرىنى يازما ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىغا تاپشۇرسا بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بۇ پىكىرلەرنى تەۋسىيە بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغان ئەسلى ئورۇن ياكى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنىنىڭ، تەشكىلاتلىرىنىڭ قايتا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بىر ياقلىق قىلىشىغا ھەمدە ۋەكىللەرگە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشكە تاپشۇرىدۇ.

نۆۋەتتە، بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغان ھەر قايسى ئورۇنلار ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمەكتە. بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغان نۇرغۇن ئورۇنلار بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلارنى يولغا قويغاندىن باشقا يەنە ۋەكىللەرنى زىيارەت قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيەلەرگە بېرىلگەن جاۋاب ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى يۈزتۇرانە ئاڭلىدى. يەنە بەزى ئورۇنلار جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ۋەكىللەرگە پىكىر ئېلىش جەدۋىلى ئەۋەتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ۋە ئىنكاسلىرىنى ئىگىلەپ، ۋەكىللەر رازى بولمىغان جاۋاب توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بىر ياقلىق قىلدى. ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، ۋەكىللەر مۇشۇنداق بېجىرىلگەن خىزمەت ۋە بېرىلگەن جاۋابتىن رازى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

***42 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۈرۈشتۈرمە قويۇش ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزىدۇ ؟***

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سۈرۈشتۈرمە قويۇش ھوقۇقى سۈرۈشتۈرمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ 73 ـ ماددىسى ۋە ئالاقىدار قانۇنلاردا سۈرۈشتۈرمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى بىر ياقلىق قىلىش تەرتىپى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ سۈرۈشتۈرمە قويۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىندى. ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 14 ـ ماددىسى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 28 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سۈرۈشتۈرمە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە مۇۋاپىق كېلىشى لازىم:

(1) سۈرۈشتۈرمە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شەرت.

(2) سۈرۈشتۈرمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى قانۇندا بەلگىلەنگەن بىرلىشىپ ئىمزا قويىدىغان ئادەم سانىغا مۇۋاپىق كېلىشى شەرت. يەنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 30 دىن ئارتۇق ۋەكىلى بىرلىشىپ ئىمزا قويسا سۈرۈشتۈرمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 10 دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويسا، سۈرۈشتۈرمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. (3) سۈ-

رۇشتۇرمىدە سۈرۈشتۈرۈلگۈچى، سۈرۈشتۈرۈلىدىغان مەسىلە ۋە مەزمۇنلار ئېنىق يېزىلىشى شەرت. سۈرۈشتۈرۈلگۈچى شۇ ئورۇندىكى مەلۇم شەخس بولماستىن، پەقەت قانۇندا بەلگىلەنگەن ئورۇن بولۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سۈرۈشتۈرمە قويىدىغان ئوبيېكتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۈرۈشتۈرمە قويىدىغان ئوبيېكتلار گوۋۇيۈەن ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدۇر. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۈرۈشتۈرمە قويىدىغان ئوبيېكتلار شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ھەر قايسى تارماقلار، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى؛ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۈرۈشتۈرمە قويىدىغان ئوبيېكتلار شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت.

سۈرۈشتۈرمە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگان بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇپ جاۋاب بېرىشى شەرت. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىنىڭ 44 ـ ماددىسى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 28 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، سۈرۈشتۈرمىنىڭ بىر ياقلىق قىلىنىش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: سۈرۈشتۈرمە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەيئەت رىياسەت سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ ھەيئەت رىياسەت يىغىنىغا، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىغا ياكى ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار يىغىنىغا ئاغزاكى جاۋاب بېرىش ياكى يازما جاۋاب بېرىشكە تاپشۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا ياكى مەخسۇس كومىتېتلار يىغىنىدا جاۋاب بېرىلىدىغانلىرىدا، سۈرۈشتۈرمە قويغۇچى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ياكى ۋەكىلى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىشقا، پىكىر بايان قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئاغزاكى جاۋاب بېرىش قارار قىلىنغانلىرىغا سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ مەسئۇلى يىغىنغا كېلىپ جاۋاب بېرىشى لازىم. يازما جاۋاب بېرىش قارار قىلىنغانلىرىغا، سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ مەسئۇلى ئىمزا قويۇشى لازىم، بۇنى يىغىنغا بېسىپ تارقىتىشنى ھەيئەت رىياسەت قارار قىلىدۇ.

***43. خەلق ۋەكىللىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىغا سۈرۈشتۈرمىنى قانداق قويىدۇ؟***

سۈرۈشتۈرمە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەكلىپ ۋە دوكلاتلارنى قاراپ چىققاندا، ئالاقىدار مەسىلىلەر ئېنىق بولمىغان ياكى ئۇنى چۈشەنمىگەندە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىدىن ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش ۋە ئۇنى ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلىشتىكى بىر خىل شەكىلدۇر. ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 13 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەر سۈرۈشتۈرمە قويغان ۋاقىتتا، مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. سۈرۈشتۈرمىنى ئاغزاكى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، يازما ئوتتۇرىغا قويسىمۇ بولىدۇ.

2. سۈرۈشتۈرمە ۋاقتى تەكلىپ ۋە دوكلاتلارنى قاراپ چىققان ۋاقىتتا قويۇلۇشى كېرەك.

3. سۈرۈشتۈرمىنىڭ مەزمۇنى قارىلىدىغان تەكلىپ ياكى دوكلاتتىكى ئېنىقلانمىغان، چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرگە قارىتىلغان بولۇشى كېرەك.

سۈرۈشتۈرمە قويۇلغاندىن كېيىن، سۈرۈشتۈرۈلىدىغان دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرى مەسئۇل خادىمنى ياكى ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان خادىمنى سۈرۈشتۈرمىگە جاۋاب بېرىشكە ئەۋەتىشى كېرەك. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىنىڭ 41 ـ ماددىسىدا، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپ ۋە ئالاقىدار دوكلاتلارنى قاراپ چىققاندا، ئالاقىدار تارماقلار يىغىنغا مەسئۇل خادىم ئەۋەتىپ، پىكىرلەرنى ئاڭلاپ، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان سۈرۈشتۈرمىلەرگە جاۋاب بېرىشى كېرەك. ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىققاندا ۋە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەم پىلاننىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى، دۆلەت خام چوتى ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرگەندە گوۋۇيۈەننىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى پىكىرلەرنى ئاڭلىشى، سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئىشلارغا جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن شۇ يىغىنلارغا قاتنىشىشى كېرەك. ھەيئەت رىياسەت ۋە مەخسۇس كومىتېت تەكلىپلەرنى ۋە ئالاقىدار دوكلاتلارنى قاراپ چىققاندا، گوۋۇيۈەننىڭ ياكى ئالاقىدار ئور-

گانلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا كېلىپ پىكىر ئاڭلىشى، سوئال-سۇرۇشتۇرمىلەرگە جاۋاب بېرىشى كېرەك، شۇنىڭدەك تەكلىپ ياكى ئالاقىدار دوكلاتلار ھەققىدە قوشۇمچە ئىزاھات بەرسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ توغرۇلۇق يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىش قائىدىسىدىمۇ مۇناسىپ بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ۋەكىللەر قويغان سوئال-سۇرۇشتۇرمىلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ يىغىنغا كەلگەن ياكى يىغىنغا قاتناشقان مەسئۇللىرى جاۋاب بېرىدۇ، قىسمەن سوئال-سۇرۇشتۇرمىلەرگە قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۇرۇشتۇرۇلغۇچى ئورگاننىڭ يىغىنغا ئادەم ئەۋەتىپ جاۋاب بېرىشى ياكى قوشۇمچە ئىزاھات بېرىشىنى ئۇقتۇرىدۇ.

***44 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا سۇرۇشتۇرمىسى قويسا بولامدۇ ؟***

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئورگىنى بولۇپ، ئۇ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئەمما بۇ خىل نازارەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىكى نازارىتى بىلەن ئوخشىمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۈستىدىكى نازارەت قىلىش شەكلى، بىرىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتىدۇ ۋە قاراپ چىقىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ نامۇۋاپىق قارار، بېكىتمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا قارىتا پىكرى بولسا، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بەرسە بولىدۇ، سۇرۇشتۇرمە شەكلىنى قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس.

***45 . سوئال سوراش بىلەن سۇرۇشتۇرمىنىڭ قانداق پەرقى بار ؟***

قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، سوئال سوراش بىلەن سۇرۇشتۇرمىنىڭ ئاساسىي پەرقى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل بولىدۇ:

(1) سوئال سوراشتا نازارەت قىلىش خاراكتېرى ھازىرلانمىغان بولىدۇ، سۇرۇشتۇرمە قويۇش بولسا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى شەكىللەرنىڭ بىرىدۇر.

(2) سوئال سوراشنىڭ قاتتىق تەرتىپى بولمايدۇ، ئادەتتە ئىختىيارىي سوئال سورۇلۇپ جاۋاب ئېلىنىدۇ. سۇرۇشتۇرمىنىڭ بىر يۈرۈش قاتتىق تەرتىپى بولىدۇ، ئۇ بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى شەرت.

(3) سوئال سوراشنىڭ دائىرىسى قارىلمۇۋاتقان تەكلىپ ۋە دوكلات بىلەنلا چەكلىنىدۇ، بۇ دائىرىدە بولمىغان بولسا سوئال سوراشقا بولمايدۇ. سۇرۇشتۇرمىنىڭ دائىرىسى كەڭرەك بولىدۇ، ئومۇمەن سۇرۇشتۇرۇلغۇچى ئورگاننىڭ خىزمەت دائىرىسىگە كىرىدىغانلا بولسا، سۇرۇشتۇرمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىۋېرىدۇ.

(4) ۋەكىل شەخسەن سوئال سوراشنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ، سۇرۇشتۇرمىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن بىرلىشىپ ئىمزا قويىدىغان ئادەم سانىغا ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

(5) سوئال سوراشنى ئاغزاكى ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ، يازما ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ، سۇرۇشتۇرمە بولسا يازما ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شەرت.

***46 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزىدۇ ؟***

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھەسى ئالاقىدار دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىشتىكى تەكلىپتىن ئىبارەت. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھەسىدە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان خادىملار قۇرۇلتايدا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قانۇن بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈش ياكى قارار قىلىش ئارقىلىق

ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان بولغاچقا، قانۇندا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 15 ـ ماددىسىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈچتىن يۇقىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى 1/10 قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى، دۆلەت رەئىسىنى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 26 ـ ماددىسىدا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىن ئاچقاندا، ۋەكىللەرنىڭ 1/10 قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسە بولىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىن ئاچقاندا، ۋەكىللەرنىڭ 1/5 قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسىنى، مۇئاۋىن رەئىسىنى، يېزىنىڭ باشلىقىنى ۋە مۇئاۋىن باشلىقىنى، بازارنىڭ باشلىقىنى ۋە مۇئاۋىن باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بەرگەن دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى مۇنداق شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت:

(1) قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن بولۇشى يەنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈچتىن ئارتۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى 1/10 قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويغان بولۇشى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ 1/10 قىسمىدىن كۆپرەكى ئىمزا قويغان بولۇشى، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ 1/5 قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ ئىمزا قويغان بولۇشى شەرت.

(2) ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان ئوبيېكت ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش سەۋەبلىرى ئېنىق يېزىلىشى شەرت. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان ئوبيېكت قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش سەۋەبلىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا قويۇلغان بولۇشى، ئاساسلىرى تولۇق بولۇشى شەرت. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىنىڭ 39 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن يەنە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىلىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنىڭ بىر ياقلىق قىلىنىش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەيئەت رىياسەت ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاۋازغا قويۇشىغا ياكى ھەيئەت رىياسەتنىڭ تەكلىپ بېرىشىگە سۇنىدۇ. قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللىنىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن قاراپ چىقىپ قارار چىقىرىدۇ. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان خادىم ھەيئەت رىياسەت يىغىنى ۋە قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ئۆزىنى ئاقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ياكى يازما ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھوقۇقلۇق، بۇ پىكرىنى ھەيئەت رىياسىتى يىغىنغا بېسىپ تارقىتىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ئەسلى سايلىغۇچى ئورۇن تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەر-

كىيىندىكى خادىملىق، خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق ۋەزىپىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللىمىسە بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بولمىغاچقا، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ھەيئەت رىياسەتتى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئاۋازغا قويۇشقا تاپشۇرۇشى لازىم.

### *47. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ يىغىندا ۋە گۇرۇپپا يىغىنىدا قانداق سۆزلەيدۇ؟*

تەكلىپ ۋە خىزمەت دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىشتىكى مۇھىم خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ سۈپىتى قۇرۇلتاينىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك، قۇرۇلتايدا ماقۇللىنىدىغان قارار، بېكىتمىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش ـ بولماسلىقىغا تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ، خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ ئېنىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ۋەكىللەر سۆز قىلغاندا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە مەسىلىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

(1) سۆز قىلىشتىن بۇرۇن تولۇق تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. ئالايلۇق، يىغىن قارارلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇشى، ئالاقىدار قانۇن بەلگىلىمىلىرى ۋە قۇرۇلتاي بېسىپ تارقاتقان ھۆججەت، ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىشى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە ھەر قايسى جەھەتتىكى پىكىر، كۆز قاراشلىرىنى ئىگىلەپ، چۈشەنمىگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا سوئال سورىسا بولىدۇ، ۋەھاكازالار.

(2) يىغىن قارارلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا پىكىر بايان قىلىشى كېرەك. مەيلى ئومۇمىي يىغىندا ياكى گۇرۇپپا يىغىنىدا بولسۇن ۋەكىلنىڭ قىلغان سۆزى ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ، ۋەكىلنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭ مەزمۇنى قاراپ چىقىلىدىغان قارارلارغا مەركەزلەشتۈرۈلۈشى كېرەك، ۋەكىللەر قارارلار ئاساسىدا ئومۇمىيۈزلۈك سۆز قىلىشىمۇ، قاراتمىلىقى بولغان مەلۇم جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلىشىمۇ بولىدۇ. بىر نەچچە ۋەكىلنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭ مەزمۇنى، پىكرى بىردەك بولۇپ قالغاندا، بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ ۋە بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ سۆز قىلىشىمۇ بولىدۇ.

(3) سۆز قىلىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى كېرەك. ۋەكىللەر سۆزىدە قارالمىنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن ئۆزى خىزمەت داۋامىدا ئىگىلىگەن ئەمەلىي ئەھۋاللار ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاس ھەم تەلىپىدىن دەلىل كەلتۈرسە بولىدۇ. كوچا خەۋەرلىرى ۋە بەزى مىش ـ مىش گەپلەر سۆزلىنىدىغان سۆزنىڭ ئاساسى قىلىنسا، بۇ قاراپ چىقىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ۋەكىللەر تەكلىپ ۋە خىزمەت دوكلاتلىرىنى قاراپ چىققاندا، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا، راستچىل بولۇشقا، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىپ، كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىدە ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

(4) بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە سۆز قىلىشى كېرەك. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىنىڭ 50 ـ، 51 ـ ماددىلىرىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا سۆزلەيدىغان سۆزى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان يەنى ۋەكىللەر قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا سۆز قىلىشقا توغرا كەلگەندە ھەر بىر كىشى ئىككى قېتىم سۆز قىلىشقا بولىدۇ، سۆز قىلىش ۋاقتى بىرىنچى قېتىم ئون مىنۇتتىن، ئىككىنچى قېتىم بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن كاتىبات باشقارمىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك، سۆز قىلىش تەرتىپىنى قۇرۇلتاينىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىۋاتقان چاغدا دەرمەھەل سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن سۆز قىلىدۇ. ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى كۆرسەتكەن ۋەكىللەر ھەيئەت رىياسەتنىڭ يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، بىر كىشى

ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈستىدە ئىككى قېتىم سۆز قىلسا بولىدۇ، سۆز قىلىش ۋاقتى بىرىنچى قېتىم 15 مىنۇتتىن، ئىككىنچى قېتىم ئون مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن سۆز قىلىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزى توغرىسىدا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىش قائىدىسىدىمۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى بىلەن ئوخشاپراق كېتىدىغان بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

***48 . مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى قانداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ؟***

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 10 ـ ماددىسىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئاساسىي قانۇن دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ، ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەر قايسى پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مىزانى قىلىشى ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىشى لازىم. شۇڭا، ئاساسىي قانۇننىڭ 64 ـ ماددىسىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. يەنى، ئاساسىي قانۇنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ 1/5 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ تەكلىپى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي ۋەكىللىرىنىڭ 2/3 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەر ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرۇلۇق تەكلىپ قويغاندا مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

(1) ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن كېلىشى شەرت، يەنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1/5 قىسمىدىن كۆپرەك ۋەكىلى تەكلىپ بېرىشى شەرت.

(2) تەكلىپنىڭ سەۋەبى، ئاساسىي ئېنىق يېزىلىشى ھەمدە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى قوشۇمچە قىلىنىشى شەرت.

ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپىدىن يېنىۋېلىشنى خالىغان چاغدا تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەمما يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ بولغان بولسا، قۇرۇلتايدا ئاۋازغا قويۇشقا تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن، ۋەكىللەر يېنىۋېلىشنى تەلەپ قىلسا ئۇنى ھەيئەت رىياسەتنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

***49 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئالاھىدە مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش توغرىسىدىكى تەكلىپنى قانداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ؟***

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 16 ـ ماددىسىدا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قانۇن بويىچە، ئالاھىدە مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئالاھىدە مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈش ھەيئىتى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي رايوندىكى مەلۇم ئالاھىدە زور مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تەشكىللىگەن ۋاقىتلىق خىزمەت ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىدىغان مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ دەلىللەنگەندىن كېيىن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. قۇرۇلتاي ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلىنىپ قاراپ چىقىپ، مۇناسىپ قارار چىقارسا بولىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىنىڭ 46 ـ ماددىسى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ

31 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالاھىدە مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەندە مۇنداق ئىككى نۇقتىىغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

(1) قانۇندا بەلگىلەنگەن بىرلىشىپ ئىمزا قويىدىغان ئادەم سانىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، يەنى شۇ دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 10/ 1 قىسمىدىن كۆپرەك ۋەكىل تەكلىپنى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

(2) قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ بىرىلگەن تەكلىپنى قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا سۇنۇپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش ياكى تەشكىللىمەسلىكنى قارار قىلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئالاھىدە مەسىلىلەر بويىچە تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇش تەكلىپىنىڭ سەۋەب ۋە ئاساسلىرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى ۋە ئەزالىرىنى ھەيئەت رىياستى شۇ دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئىچىدىن كۆرسىتىپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

***50 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قۇرۇلتاينىڭ قارار ۋە بېكىتمىلىرىنى قانداق تەشۋىق قىلىدۇ ؟***

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 4 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ۋەكىللەر ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار، ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ۋە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق خىزمەت ئورنىدىكى ئاممىغا يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاساسىي روھىنى يەتكۈزۈپ، قۇرۇلتاي ماقۇللىغان قارار ۋە بېكىتمىلەرنى تەشۋىق قىلىپ، بۇ قارار ۋە بېكىتمىلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىغا ھەر قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا قايسى مەسىلىلەرنىڭ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقىنى، قانداق قارار ۋە بېكىتمىلەرنىڭ چىقىرىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

قۇرۇلتاينىڭ قارار ۋە بېكىتمىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، يىغىننىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش. يەنى، يىغىننىڭ ئېچىلغان ۋاقتى، قاتنىشىش ئەھۋالى، ئاساسىي تەرتىپى ۋە قارالمىلىرى، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەھۋاللىرى، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە پائالىيەت ئەھۋالى، شۇنىڭدەك قۇرۇلتاي ئورۇندىغان ۋەزىپىلەر ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋاھاكازالار. ئىككىنچى، يىغىندا چىقىرىلغان قارار ۋە بېكىتمىلەرنىڭ ئاساسىي روھى. بۇ، تۆرلۈك دوكلات ۋە تەكلىپلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇنىڭدەك ئۇلارنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىق پىكىرلەر ۋە قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان پىكىرلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قۇرۇلتاينىڭ قارار ۋە بېكىتمىلىرىنى تەشۋىق قىلغاندا ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىشى، سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. تەپسىلىي تىزىس تۈزۈپ، قاتلاملىرىنى ئېنىق ئايرىشى، ماددىلىرى ئېنىق، ئاممىباپ، يىغىنچاق بولۇشى كېرەك ھەم يىغىننىڭ ئەھۋالى ۋە قىسقا خەۋەرلىرىنى تونۇشتۇرۇشى، ھەم يىغىننىڭ ئاساسىي روھىنى تەشۋىق قىلىپ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، قۇرۇلتايدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونى، ئۆز سىستېمىسى، ئۆز ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەر، ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرمۇ نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىنىدىغان مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ.

## ۋەكىللەرنىڭ يىغىن يېپىق مەزگىلىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئاساسىي خىزمەتلىرى

***1 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىن***

18

***يېپىق مەزگىلدە نېمە ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ ؟***

ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەرنىڭ يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلىرى ئوخشاشلا ۋەكىللىك هوقۇقىنى ئىجرا قىلغانلىق بولۇپ، ئۇ، ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدىكى خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىشى، شۇنداقلا كېيىنكى قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشنىڭ تەييارلىقى هېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ياكى ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىشى لازىملىقى، سايلىغۇچىلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىگىلەپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە هەمكارلىشىشى لازىملىقى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بېرىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىملىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. قانۇندا بەلگىلەنگەن بۇ مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يىغىن يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللەرنىڭ ئورۇندىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ۋەكىللەر هەم قۇرۇلتايغا قاتنىشىپ قانۇن بويىچە قۇرۇلتاي مەزگىلىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى، هەم قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدىكى ۋەكىللەر پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ۋەكىللەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تۈرلۈك مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلالايدۇ.

ئىككىنچى، ۋەكىللەرنىڭ يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئىچىدىكى خىزمىتىنىڭ ئاساسى ۋە داۋامى. ۋەكىللەر يىغىن يېپىق مەزگىلدە ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئەمەلىيەتكە داۋاملىق چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى داۋاملىق ئاڭلىشى ۋە ئىگىلىشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشى، ئۆز جايى ياكى يېقىن ئەتراپتا كېنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىق بەزى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلتاي ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشقا، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلۈك تەكلىپ ۋە دوكلاتلارنى قاراپ چىقىشقا ياخشى تەييارلىق قىلىشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇلتاي ماقۇللىغان قارار، بېكىتمىلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى، يېڭى پىكىر ۋە تەلەپلەرنى ئىگىلەپ، بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا تۈرلۈك تەكلىپ ۋە دوكلاتلارنى قاراپ چىقىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتاي مەزگىلىدىكى خىزمىتى بىلەن يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلىرى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە هېسابلىنىدۇ، بۇلاردىن قايسىبىرى بولمايدىكەن، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئىلگىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى يىغىن ئېچىش، قول كۆتۈرۈپ قويۇشتىنلا ئىبارەت، دېيدىغان قاراش بار ئىدى. بۇ بىر خىل بىر تەرەپلىمىلىك قاراش. ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋەكىللەر قانۇنىغا ۋەكىللەرنىڭ يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق ئايرىم بىر باب كىرگۈزۈلگەن هەمدە بىر قەدەر سىستېمىلىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللەر قانۇنىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىشى لازىم.

(داۋامى بار)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 4828065 ـ 61203

# غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى

ئادىلجان

يېقىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەتكەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى داۋاملىق بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە ساقلاپ قېلىش، ئوتتۇرا - غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ رايونلارنى بېيىتىپ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، ئىستېمال سەۋىيىسى، سېتىۋېلىش كۈچى جەھەتلەردەبىر قەدەر زور بۆسۈش ھاسىل قىلىش، بۇ رايونلاردىكى بايلىق مەنبەلىرىنى قايتىدىن تەقسىملەپ ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي، ئۈنۈملۈك ئاساستا ھەل قىلىش ھەم بۇ رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە تېز تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ئۇزۇن ۋاقىت گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەنە شۇ رايونلارنى زور كۆلەمدە ئېچىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەنە شۇ رايونلارغا يۆتكەشنى قارار قىلدى.

شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ئىستراتېگىيە دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاساسىي يۈزلىنىشى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ئۇلۇغۋار پىلان بولۇپ، ئىنتايىن زور تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشى، بۇ رايونلارنى پەقەتلا ئىقتىسادىي جەھەتتە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپلا قالماستىن بەلكى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مىسلىسىز تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، بۇ رايونلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا نىسبەتەن ھەم غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ قىياپىتىدە، ئۇنىۋېرسال ساپاسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىق پەيدا قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا - غەربىي قىسىمدىكى رايونلار گەرچە ھازىر بىر قەدەر قالاق، نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەبىئىي بايلىق، ئادەم كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 23% نى، يەر مەيدانى 56 % نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر ئەنە شۇ رايونلار تەرەققىي قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى نامراتلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردە شەرقتىكى دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا يېتىشىۋالىدىغان بولسا، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەنە شۇ خىل تەرەققىياتنى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت، ئەمەلىيەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمنى زور كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى 2000 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە بولغان بەش يىللىق پىلاندىكى مەركىزىي ھالقا ھەم پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈپ مەسىلە. شۇنداقلا بۇ مەسىلە نوقۇل ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشتا ھەر تەرەپلىمە ئامىللارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا بولۇپمۇ قانۇننىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۇنى ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈشكە، قانۇن نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن ئېڭى، سەۋىيىسى، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇننىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە. بۇ خىزمەتنى

مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ ھەر كۈنى، ھەر ئايدا، ھەرقانداق ئورۇندا تىرىشىپ ئىشلەشكە، ئۇنىڭ سىجىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ۋە شۇنداق قىلماي بولمايدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ رايونلار يىراق، چەت، تارقاق بولۇپ قاتناش تەرەققىي قىلمىغان، زۆرۈر ئۇچۇرلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش بىر قەدەر قىيىن. شۇنىڭدەك بۇ ئورۇندا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسى تۆۋەن. يەنى مەنىۋى جەھەتتە نامرات، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىقلار تەرەققىي قىلمىغان. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ قانۇن كۆز قارىشى، قانۇن ئېڭى، قانۇننى چۈشىنىشى، ئىجرا قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ئاڭلىقلىقى بىر قەدەر تۆۋەن، بۇ بىر خىل رېئاللىق بولۇپ بۇ ھەقتە كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر پەقەت ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگىلا ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ، قانۇن ـ تۈزۈم مەسىلىسىنى چىڭ تۇتمىغاندا ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى جۈملىدىن بۇ رايونلارنى زور كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن، قانۇننى قورال قىلىش، قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش بىزنىڭ خىزمىتىمىزدىكى ئاجىز ھالقا، تەلتۆكۈس ھەل بولماي كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلە. بۇ مەسىلىنىڭ تارىخىي يىلتىزىمۇ بىر قەدەر چوڭقۇر.

جۇڭگودا فېئوداللىق تۈزۈم 3000 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىن بېرى دۆلەت ۋە پۇقرالار قانۇن بىلەن ئەمەس بەلكى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىشقا ئادەتلەنگەن، ئادەمنىڭ ئىرادىسى قانۇننىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ ھەممە كىشى ئادەمگە بويسۇنۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئادەت جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ھەم پۈتۈن مىللەتنىڭ پسىخىكىسى، ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان. بۇنداق ئەھۋالنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش ئۇزاق ۋاقىت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشنى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ئېڭىنى، قانۇن كۆز قارىشىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قانۇنچىلىق، قانۇننى زور كۆلەمدە تۈزۈش، يولغا قويۇش، ئىجرا قىلىشلار پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى، تارىخىي ساۋاقلارنى نەزەردە تۇتۇپ، قانۇن تۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە 300 دىن كۆپرەك قانۇن، 700 دىن ئارتۇق مەمۇرىي نىزاملار تۈزۈلۈپ، ھەر قايسى سەپلەردە تايىنىدىغان قانۇن ـ تۈزۈم بولماسلىقتەك ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت باشقۇرۇش مىزانى، تەدبىرى ۋە ئۇسۇلى رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، ئىزچىللىقنى ساقلايدىغان بىر قەدەر مۇقىم ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ ئەھۋال دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەتنى ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشتەك فېئوداللىق ئەنئەنىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرى، تەسىرلىرىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش يولىغا ماڭغانلىقىنى. ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھەم مەدەنىي تۇرمۇش ساھەلىرى، تەبىئىي، ئىجتىمائىي ھادىسە ۋەقەلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈزۈم جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىنغانلىقتىن بارا ـ بارا خەلقئارادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بىردەكلىككە قاراپ قەدەم قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ناھايىتى زور غەلىبە، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىلگىرىلەش. بۇ ئاساسىي ئېقىم، ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش شۇنداقلا ھەر قايسى سەپ، ساھەلەردە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن خىزمەتلەر قانۇن ئىزىغا چۈشۈپ ئۈنۈم زور دەرىجىدە ئۆستى، قانۇننىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى جارى قىلىندى.

لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرمەي بولمايدۇكى، تۈزۈلگەن قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ھەقىقىي ئىزچىللىشىشى فېئوداللىق ئەنئەنە، ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى ھەم كاشىلىسى، قالاق، خۇراپىي. كونا ئىدىيىلەرنىڭ

توسقۇنلۇق قىلىشى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بولۇپمۇ قانۇن ئېڭى، قانۇننى چۈشىنىشى، ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە يۈرۈشلەشمىگەنلىكى، بازار ئىگىلىكى تولۇق يولغا قويۇلماي تۇرۇپلا پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى سەۋەبىدىن بايقىلىۋاتقان يوچۇقلار مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرمەكتە. گەرچە قانۇن، نىزاملار كۆپلەپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى، قانۇن كۆز قارىشى، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، نوپۇزىنى قوغداش جەھەتلەردە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر يېتەرلىك بولمىغىنى ئۈچۈن، بىر قىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئەدلىيە ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ساقلانغان سۆزنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىدىغان، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى باسىدىغان، قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇنىڭ نوپۇزى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى، سۈرىنى قوغدىمايدىغان، ئۆز ئىرادىسىنى قانۇن ئورنىغا قويىدىغان، بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەر، چىرىكلىشىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ھەرىكەتلەر قانۇننى كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىشقا نىسبەتەن خېلى زور سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە. گەرچە بۇ خىل قىلمىشلار ئۇنچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى، زەھىرى خېلىلا چوڭ بولۇپ، نۆۋەتتە خەلق ئاممىسى ئىچىدە قانۇنغا ئىشەنمەسلىك، قانۇندىن گۇمانلىنىش، قانۇنىي ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلماسلىق، قانۇنغا قىزىقماسلىق، قانۇننى ئۆگەنمەسلىكتەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولماقتا. «نازارەت قىلىش قانۇنى» 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن تۈزۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ تېزرەك ئىجرا قىلىنىشىنى، نازارەت قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ تېزرەك بەرپا بولۇشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىدە تېخى زور بۆسۈش بولمىدى. قانۇننى ئىجرا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئارىسىدىكى كۆرەشلەر يەنىلا مەۋجۇت. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشلارنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلەر ۋە باشقا خىزمەتلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى يەنىلا ئېغىر. مانا مۇشۇ پاكىتلارنىڭ ئۆزى ئوتتۇرا ـ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا قانۇننىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ، بارلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قانۇننى سىڭدۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى، قانۇن تەشۋىقاتى، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈندىلىك كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈشنىڭ كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان خىزمەت ئىكەنلىكىنى، قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن ئېڭىنى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇننىڭ ئىجراسىغا قارىتا ئۈنۈملۈك نازارەت قىلالايدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىشنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى مۇنازىرە قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى.

قانۇنچىلىق ئىقتىسادىي يۈكسىلىش، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئاساسلىق رولىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق، ئۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇن، ئىقتىسادىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، مەمۇرىي قانۇن قاتارلىق قانۇنلارنى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قەتئىي ئېغىشماستىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىقتىسادىي خىزمەتلەر بىلەن تەڭ تۇتۇپ ئىشلەش، بۇ ھەقتە شەرقتىكى دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئۈنۈملۈك تەجرىبىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئوتتۇرا ـ غەربىي قىسىمنى زور كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت، مەنىۋى ئاساس ھازىرلىيالايمىز ھەم بۇ رايونلاردا بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي مۇھىت، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ يارىتىلىشىغا، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىگە ئېرىشەلەيمىز.

(ئاپتور شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىم ئۈرۈمچى ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى سىياسىي كافېدراسىدىن).

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 4828065 ـ 61208

# سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ مەنىسى، تەلىپى ۋە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

پاتىگۈل ئىمىن

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە — ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي ئىگىدارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان سىياسىي تۈزۈم، تارىختىكى يېڭىچە دېموكراتىيە. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ يادروسى بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، خەلق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشى بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيە بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر، ئۇ ئىسممۇ بار، جىسمىمۇ بار ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان دېموكراتىيە، شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنى دۆلەتنىڭ خوجىسى قىلىدىغان دېموكراتىيە.

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئورناتقان قانۇن ۋە تۈزۈمدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەزمۇنى قانۇن تۇرغۇزۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەت قىلىشتەك تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خادىملىرى، شۇنىڭدەك بارلىق پۇقرالاردىن قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىش.

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تەلىپى ئىنتايىن كەڭ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا جەزمەن ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش. بۇ تۆت تەرەپ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىر پۈتۈن گەۋدە. مۇشۇ تۆت تەرەپنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى بىر قەدەر مۇكەممەل بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇش دېگەندە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىش ۋە بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قانۇن بولغاندا، دۆلەتنىڭ پائالىيىتى ۋە خەلقنىڭ ھەرىكىتى ئەمەل قىلىدىغان مىزانغا ۋە قائىدىگە ئىگە بولىدۇ، دۆلەت دۈشمەنلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ ۋە جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغدىيالايدۇ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. شۇڭا، قانۇن تۈزۈش — سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسى. قانۇن تۈزۈش تولىمۇ مۇرەككەپ خىزمەت، ئۇنىڭدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئاممىۋى لۇشىيەندە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنداقلا تۈزۈلگەن قانۇن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، قانۇنغا جەزمەن ئەمەل قىلىش دېگەندە، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش پرىنسىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، پارتىيىلەر، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە بارلىق پۇقرالاردىن ئۆز پائالىيىتى ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا قاتتىق رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشنى، بىردەك قانۇن بويىچە

ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇن بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، كىچىك گۇرۇھنىڭ ياكى شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشكە بولمايدۇ، ھېسسىياتنى قانۇن ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، قانۇننى بۇزۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇنغا جەزمەن ئەمەل قىلىش دېگەندە، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن مەيلى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن ياكى ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن ياكى ھەق تەلەپ دەۋا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ياكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن، قەتئىي ھالدا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. قانۇنغا جەزمەن ئەمەل قىلىش — بۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۈپ ھالقىسى ۋە ئاچقۇچى.

ئۈچىنچى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش — قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا قويۇلغان ئالاھىدە تەلەپ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم شەرتى. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش دېگەندە، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىدىن قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا كەسكىن، قاتتىق، جىددىي بولۇپ، ئىشلارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەزمۇن، روھ ۋە تەرتىپ بويىچە بېجىرىش، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى قوغداشقا ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بارلىق جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، قىلچە يۈز خاتىرە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، قەتئىي ھالدا «قانۇننى تونۇش، ئادەمنى تونۇماسلىق؛ قانۇننى تونۇش، بايلىقنى تونۇماسلىق؛ قانۇننى تونۇش، ھوقۇقنى تونۇماسلىق» نى ئورۇنداش لازىم. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش تەپتىش ئورگانلىرى ۋە سوت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ تەپتىش ھوقۇقى ۋە سوت قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل ئىشلىتىپ بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ۋە خادىملارنىڭ جەزمەن قانۇنغا سادىق بولۇپ، دېلولارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى، خاتالىق سېزىلگەندە جەزمەن تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇشنىڭ ئاچقۇچى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا سادىق، قەيسەر، يارامىلىق ئەدلىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش دېگەندە، قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى قانۇن بويىچە، باراۋەرلىك ئاساستا سۈرۈشتۈرۈش ۋە جازالاش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇني جاۋابكارلىقتىن قېچىپ، قانۇن سىرتىدا يۈرۈشىگە يول قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كاپالەت. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ئۈچۈن بېسىم ۋە كىشەن. سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى ئۈچۈن تۆمۈر مۇشت، ئۇنىڭ مۇشۇ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا: سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئۆزئارا بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ كاپالىتى.

**(1) سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى.**

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە — سوتسى-

يالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئاساسى. ئۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىدىن ئايرىلسا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى تۇرغۇزۇشتا خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا، ئۇنى يولغا قويۇشتىمۇ خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەت قىلىشتا بولسا، تېخىمۇ خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتتە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بولمىسا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قاتنىشىشى ۋە قوللىشى بولمىسا، مۇكەممەل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

**(2) سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ كاپالىتى.**

سوتسىيالىستىك قانۇن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈپ ۋە قانۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسىنى بېكىتىپ، خەلققە دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېنىق يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ بېرىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇندا دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى بەلگىلەنگەن بولۇپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە قوللىنىشقا بولىدىغان شەكىل كۆرسىتىپ بېرىلگەن. سوتسىيالىستىك قانۇندا خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەرگە جازا بېرىش تەدبىرى بەلگىلەنگەن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قۇدرەتلىك قورال ۋە ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بولمىسا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىمۇ بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش لازىم.

قىسقىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى دىئالېكتىكىلىق بىرلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارىدا كۆرسەتكىنىدەك: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كېرەك قىلمايدىغان قانۇن ـ تۈزۈم ھەرگىز سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم ئەمەس؛ سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى كېرەك قىلمايدىغان دېموكراتىيە، ھەرگىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمەس». مانا بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر بايان ۋە ئەڭ ئىلمىي يەكۈن.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىزدە دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك» دېگەنلەرگە، ئەلۋەتتە چەك قويۇلىدۇ ۋە يول قويۇلمايدۇ. ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 51 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك». دەرۋەقە، ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى ۋە چەكلىمىلىرى بۇرژۇئازىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى، چەكلىمىسىگە خاراكتېر جەھەتتىن

تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل قانۇن بەلگىلىمىلىرى ۋە چەكلىمىلەرنى ئوخشاش دەپ قاراشقا ياكى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇرژۇئازىيە ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ۋە چەكلىمىسى پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلققە قارىتىلغان، ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولۇپ، مەقسىتى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدىكى پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە چەكلىمىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئاز ساندىكى كىشىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، تۈپكى ۋە ئومۇمىي مەنپەئىتىنى قوغداش كۆزدە تۇتۇلغان، بۇنىڭدىن مەقسەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئامانلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئىش شۇكى، بىر قىسىم ئادەملەر دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلمايدۇ، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا بۇ ئىككىسىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ، بۇنداق قىلىش ئوخشاشلا خاتا. دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزام ئوخشاشلا بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋەت. دېموكراتىيە بولۇپ مەركەزلەشتۈرۈش بولمىسا بولمايدۇ. مەركەزلەشتۈرۈش دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېموكراتىيىلا بولۇپ، مەركەزلەشتۈرۈش بولمىسا، بۇنداق دېموكراتىيە چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيە، شەخسىيەتچى دېموكراتىيە بولىدۇ. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ. بىزگە كېرەك بولغان دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى رەھبەرلىكى بولغان دېموكراتىيە. بىزگە كېرەك بولغان مەركەزلەشتۈرۈش تۆرىچىلىك ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش ئەمەس، دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەركىنلىك بولۇپ، ئىنتىزام بولمىسا بولمايدۇ، ئىنتىزام ئەركىنلىكنىڭ كاپالىتى. ئەركىنلىكلا بولۇپ، ئىنتىزام بولمىسا، ئۇ لىبېرالىزم بولىدۇ. تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ، ئەركىنلىك ئىنتىزامنىڭ چەكلىشىدىن ئايرىلمايدۇ. بىزگە كېرەك بولغان ئەركىنلىك ئىنتىزامنىڭ چەكلىشىدىكى ئەركىنلىك، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يول قويغان دائىرىدىكى ئەركىنلىك. دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىلەن كارى بولمايدىغان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بىلەن كارى بولمايدىغان ئاتالمىش «مۇتلەق ئەركىنلىك» ئەمەس. دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ھەر بىر پۇقرا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناھايىتىمۇ مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر پۇقرا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتىنى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئىزىغا سېلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مەركەزلەشتۈرۈشمۇ بولغان، دېموكراتىيىمۇ بولغان؛ ئىنتىزاممۇ بولغان، ئەركىنلىكمۇ بولغان؛ ئىرادە بىرلىكىمۇ بولغان، كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولغان جانلىق سىياسىي ۋەزىيەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنە شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئېلىمىزنىڭ تۈرلۈك دېموكراتىيە تۈزۈمى تېخى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، تېخى كامالەتكە يەتمىدى. ئاساسىي قانۇننىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئۇ-

26

مىدىن تېخى بەك يىراق. ئېلىمىزنىڭ قانۇن- تۈزۈمى تېخى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەملىكىتىمىز ئۈچۈن يەنىلا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋەزىپە.

بىرىنچى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى يېتەكچى قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاساسىدا، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمى ۋە سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېموكراتىك تەدبىر، دېموكراتىك نازارەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش لازىم. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقە يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، پۇقرالارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ئېڭىمىنى ئۆستۈرۈش، كادىرلار ئىچىدە ساقلانغان تۈرلۈك چىرىك ئىستىللارنى قەتئىي يوقىتىش كېرەك. قەتئىي ۋە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش شۇنىڭدەك بۇ تۈزۈم ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزغا ئىگە بولۇشى، مۇقىملىقى ۋە داۋاملىشىشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، مائارىپ ۋە پەن- تېخنىكا جەھەتلەردە قانۇن تۇرغۇزۇشنى كۈچەيتىش، قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئىشنى قانۇن بويىچە ئىشلەشكە قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش، قانۇن تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايدىغان ئەھۋاللارنى ئۈزۈل- كېسىل تۈزىتىش ۋە تۈگىتىش لازىم. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى بوشاشماي ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش، ئامما ۋە كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەممە ئادەمنى قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەدرىجىي ۋە قەدەممۇقەدەم بولىدىغان تەرەققىيات جەريانى. ئۇنى جەزمەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىش لازىم. ئوبيېكتىپ شەرت- شارائىت بىلەن ھېسابلاشماي، تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى كۆزلەپ، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، چەت ئەللەرنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ. بىراق ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ تەرەققىي قىلدۇرىدىغىنىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق. بىز چوقۇم مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا باشتىن ئاخىر قارشى تۇرۇپ، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيە ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك پىكىر ئېقىمىنى قاتتىق چەكلىشىمىز، ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ باشتىن ئاخىر سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4828065

# يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ سۈپىتىگە تاقىلىدىغان يول ئىزى

ئوبۇل مۇھەممەت

پارتىيىمىزنىڭ شانلىق تارىخىغا، دۆلەت
ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە
خىزمىتى كومپارتىيىنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى سې-
پىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلدى. خەلقنى ئويى-
غىتىپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ پارتىيىنىڭ
لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كىشىلەرنىڭ
ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشتا شانلىق نەتىجىلەرنى،
ئۆلمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. كومپارتىيىنىڭ دۇنياغا
كېلىشىدە، تەرەققىي قىلىشىدا جۇڭگودىكى ماركسىزم
تەرەپدارلىرى، ماركسىزمنى تۇنجى قوبۇل قىلغانلار
يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ئارقىلىق ماركسىزمنى تار-
قاتتى. كومپارتىيىنى قۇردى. پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆز-
غايتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى
قۇردى. جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇردى. ياپونغا قارشى تۇ-
رۇشتا يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ئارقىلىق كەڭ بىر-
لىكسەپ شەكىللەندۈرۈپ جاھانگىرلىكنى مەغلۇب
قىلدى. ئازادلىق ئۇرۇشىدا شۇنداق قىلىندى. «يەر
ئىنقىلابى» دا شۇنداق قىلىندى. پارتىيىمىز رەھبەرلىك
قىلغان 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر ماھىيەتتە جۇڭگو
خەلقى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ
تەربىيە سەپىرى ئىدى. «پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىس-
لاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش،
تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مۇقىملىقنى ساقلاش» تىن
ئىبارەت ھازىرقى يېڭى دەۋردە ئىشلىنىدىغان يۈزتۇرانە
تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى مۇقىملىقنى ساقلاپ ئىگى-
لىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەنگۈشتەر، «ئۆچكە ئەھ-
مىيەت بېرىش تەربىيىسى» دە مەركىزىي ھالقا بول-
ماقتا.

يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنى تەشەببۇس
قىلىش مەزگىللىك قىزىش ئەمەس، بەلكى قانۇنىيەت.
شەكىل ئەمەس ماھىيەت. تاشقى ئامىل بىلەن ئىچكى
سەۋەب گىرەلەشكەن پۈتۈنلۈك. سەپسەتە بولماستىن
ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلىكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىنال-
غان ئىلمىي ھەقىقەت. شەيئىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى
باغلىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى،
ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشچانلى-
قىنى، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى بىلىپ يې-
تىشنىڭ، تېپىپ چىقىشنىڭ مەنتىقىلىق ئاساسى.
يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە بىرەر سىنىپ، گۇرۇھ،
تەبىقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يەنە شۇ سىنىپ، گۇرۇھ،
تەبىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە پىلانلىق، مەقسەتلىك،
تەشكىللىك ئىشلىنىدىغان سىياسىي خىزمەت ھەم
ئاممىۋى خىزمەت بولۇپ ناھايىتى روشەنلىككە، قاراتى-
مىلىققا، كونكرېتلىققا ئىگە. بۇنى ئوقۇتقۇچىلار ئو-
قۇغۇچىلارغا قارىتا ئىشلەيدۇ. مەكتەپ مۇدىرلىرى ئو-
قۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئىشلەيدۇ. كادىرلار
ئاممىغا قارىتا ئىشلەيدۇ. پارتىيە ئەزالىرى ئىتتىپاق
ئەزالىرىغا ۋە باشقا پۇقرالارغا قارىتا ئىشلەيدۇ. ئاتا ـ
ئانىلار بالىلارغا قارىتا ئىشلەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك باش-
قۇرغۇچىلار قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشلەيدۇ. بۇ ماقالىدە
تەكىتلىنىدىغان يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى
مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى ئورۇنداشتا، مەسىلەن،
مەلۇم ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن «يۇقىرى» دىن «تۆ-
ۋەن» گە چۈشكەندە ياكى مەلۇم چىگىش مەسىلىنى ھەل

28

قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا مۇئەييەن ئورۇندا، مەمۇرىي رايوندا، «ئۆزى» قىلماقچى بولغان ئىشنى تولۇق، ئىشەنچلىك، تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگۈدەك سۈپەتلىك بېجىرىشتە ئىشلىنىدىغان يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى بايان قىلىنىدۇ.

**1 . يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ ماھىيىتى، مەقسەتلىكلىكى.**

يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە «ئۆزىدىن» ئالغاندا ناھايىتى مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، تەربىيە بەرگۈچىنىڭ سۈپىتى بىلەن تەربىيە ئالغۇچى ئوبيېكتنىڭ ئىنتىلىش، بىلىش، ئاڭقىرىشىنىڭ جىپسىلىشىش جەريانىدىن يەنى جەلپ قىلغۇچى بىلەن تەلپۈنگۈچىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ ماھىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە «مائارىپ مەسىلىسى»— تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىسىدۇر. يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە «مائارىپ مەسىلىسى» ئىكەن، دېمەك، ئۇ ئومۇمىي مەسىلە بولۇپ، ئېقىمغا ئوخشاش ئۆزگەرمەيدۇ. ئۆزگەرتىلمەيدۇ. چۈنكى، كومپارتىيىنىڭ مۇددىئاسى كەڭ ھەر مىللەت خەلقىگە يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ئارقىلىق يېتكۈزۈلۈپ كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى، خىزمەتنى، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنى، پەن تەتقىقاتىنى توختىتىپ، كىشىلەرنى مەجلىسخانىلارغا سولاپ، قىر ـ قاتلارغا يىغىپ، مەيدانلارغا تىزىپ كۆلەمنىڭ چوڭ، قاتناشقان ئادەمنىڭ جىقلىقىنى تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ ئۇنۇمى ھېسابلايدىغان تەتۈرلۈك ئاغدۇرۇلغان، كەلمەس يەرگە كەتكەن يېڭى ئەھۋالدا، يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ۋاستىسى ھەقىقەت تۆرىدە تېخىمۇ جۇلالىماقتا.

يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ مەقسەتلىكلىكى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ. بىز قىلماقچى، بېجىرمەكچى، بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، شۇ ئىشقا قارىتا شۇ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىتى، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقتۇرۇش، قەدەم ـ باسقۇچلىرى، ھەر باسقۇچتىكى ۋەزىپىلەرنى پىششىق ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش مەقسەتنى بىلىش ئۈچۈندۇر. مەقسەت ئېنىق بولمىسا، سىياسەت بىلەن قوراللانمىسا، ئالايلۇق، سايلام خىزمىتىگە بېرىپ «چۈشۈپ» مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە دائىر مەزمۇنلارنى يۈزتۇرانە تەشۋىق قىلسا، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە چۈشۈپ «ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشى» خىزمىتىگە دائىر سىياسەتلەرنى يۈزتۇرانە تەشۋىق قىلسا مەركەزدىن قېچىش خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ خىل خىزمەتنىڭ سىياسەتلىرى ئايرىم. ئەمما يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى ئوخشاش، يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە بەردىم دەپ خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى سۆزلەشكە بولمايدۇ. يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ مەقسەتلىكلىكى بىز قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ نەق ئۆزى. يىغىپ ئېيتقاندا، يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىدە قىلىنماقچى بولغان ئىشقا دائىر يۇقىرىنىڭ سىياسەت، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقتۇرۇشلىرى بولۇپمۇ مېغىزى جانلىق تىلغا ئايلاندۇرۇلۇپ، تەشۋىق ـ تەربىيە ئوبيېكتلىرىغا ئېنىق يەتكۈزۈلىدۇ، خەۋەرلەندۈرۈلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىياسەت تاپشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىپ يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە بىلەن سىردىشىش، سۆھبەتلىشىش، «ئاغىنە» بولۇپ يىپ ئۇچى ئىگىلەش، ئاساسىي قاتلامدىكىلەر، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئەڭ قىزىقىدىغان، جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىشلىق بولغان يېنىدىكى، ئەتراپىدىكى، ئۆزلىرىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان تېمىدىن، ئىش، مەسىلىلەردىن سۆز ئېچىپ تەكتىنى ئېنىقلاش بىرلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. سوئال سوراش ئۇسۇلى بىلەن شۇ مەمۇرىي رايوندا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە ئاشكارىلىنىدۇ. تۈرگە ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ. پايدىلىنىشقا تېگىشلىكى، تۈزىتىشكە تېگىشلىكى، يۇقىرىغا يوللاشقا تېگىشلىكى، زەربە بېرىشكە تېگىشلىكى

بېكىتىلىدۇ. يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ئارقىلىق يې‐
تىمدىغان بۇ چوڭ مەقسەت يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەش‐
كىلاتلارغىلا تاشلاپ بېرىدىغان ئىش ئەمەس. «يۇقىرى»
دىن كەلگەنلەر قىلىۋېتىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. پەقەت شۇ
دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە
پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، «يۇقىرى» دىن كەلگەنلەر،
ئىتتىپاق، ئاياللار تەشكىلاتلىرى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي
زاتلار زىچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ
ئىشلىنىدىغان خىزمەت. تەشكىللەشكە شۇ دەرىجىلىك
پارتىيە تەشكىلاتى مەسئۇل بولىدۇ. قەدەم ـ باسقۇچ قا‐
تارلىق كونكرېت ئىشلارنى ئاساسلىق مەسئۇل خادىملار
بېجىرىدۇ. مۇشۇنداق بولسا ئىش يۈرۈشلۈك، نەتىجە
كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 5 ـ
ئايىنىڭ ئاخىرىغىچە يوپۇرغا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى
ئورگانلىرىدىن تەشكىللەنگەن تۆت كىشىلىك خىزمەت
گورۇپپىسى ئەشمە يېزا 7 ـ كەنتىدە «ئاساسىي قاتلام
ئۇل قۇرۇلۇشى» خىزمىتى ئىشلىدۇق. ئورۇنلاشتۇرۇش
بويىچە پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى روھى بولۇپمۇ باش شۇ‐
جى جياڭ زېمىن قۇرۇلتايغا بەرگەن: «دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 ـ ئەسىرنى نىشان‐
لاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى» دېگەن سىياسىي
دوكلاتنى ئۆگىنىش يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ ئا‐
ساسىي دەرسلىكى قىلىندى. پارتىيە ئەزالىرى، كا‐
دىرلار قاتناشقان مەركىزىي ئۆگىنىش گورۇپپىسىدا
كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىلەن يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەر‐
بىيە ئارقىلىق ھەممە كىشىنى خەۋەرلەندۈرۈش گىرە‐
لەشتۈرۈۋېتىلدى. يۈزتۇرانە تەشۋىق ـ تەربىيىدە خىز‐
مەت ئەترىتىمىزدىكى تۆت ئادەم كەنتتىكە قاراشلىق ئون
مەھەللە گورۇپپىنى ئۆلۈشۈۋېلىپ (نۇقتىدا تۇرۇپ)
ئىشلىدۇق. تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسى‐
ۋىتىنى تەشۋىق قىلدۇق. كىشىلەرنى تەربىيىلىدۇق.

ئۆز كەنتىنىڭ، مەھەللىسىنىڭ ئۆزۈن يىل مابەينىدى‐
كى تەرەققىيات ئەھۋالىنى، قىلىشقا، ئىشلەشكە تې‐
گىشلىك بولغان ھەم قىلغىلى بولىدىغان ئەمما قى‐
لىنماي تاشلىنىپ قالغان ئىشلارنى ئەسلىتىپ سۆز‐
لەشتۇق. ياخشى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى، ياخشى
كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش، كەنت پارتىيە يا‐
چېيكىسى گەۋدە قىلىنغان يۈرۈشلەشكەن ياخشى ئام‐
مىۋى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇش
مەقسىتىمىزنى دادىل، ئەينەن، يۈزتۇرانە تەشۋىق قىل‐
دۇق. شۇجى، كەنت مۇدىرى ۋە ئاللاكىملەرنى يەڭ‐
گۈشلەش مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىدۇق. يۈزتۇرانە
تەشۋىق ـ تەربىيە، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بىر قاتار
مەسىلىلەر ئاشكارىلاندى. مۇھىملىرى: ① شۇجى
دوكلاتقا ئۇستا بولۇپ كەتكەن. ② كوللېكتىپ ئىقتى‐
سادى تۈۋەن بولغان. ③ 2 ـ 9 ـ 10 ـ مەھەللە گۇ‐
رۇپپىلىرىنىڭ تا شۇ چاققىچە سالالاشقان تېرىلغۇ ئې‐
تىزى بولمىغان. ④ دىنىي تۇس قويۇق بولغان. مەس‐
چىتلەر ياسىداق، قورامىغا يەتمىگەنلەرمۇ مەسچىتكە
كىرىپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىش بولغان. مۇشۇ تۆت مە‐
سىلە ھەل قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئالدى بىلەن كا‐
دىرلار مەسىلىسى ھەل قىلىندى. كەنت پارتىيە يا‐
چېيكىسىغا يېڭىدىن شۇجى سايلاندى. كەنت مۇدىرى
ئالماشتۇرۇلدى. كادىر مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ 2 ـ
مەھەللە گورۇپپىسىنىڭ 50 مولۇق ئېگىز ـ پەس تې‐
رىلغۇ ئېتىزى ئادەم كۈچى، تراكتور كۈچى بىلەن
تۈزلىنىپ، 98 ـ يىللىق كېۋەز سالالاشقان مەيدانىغا
تېرىلدى. دىنىي تۈسنىڭ بىر قەدەر قويۇق بولۇش مە‐
سىلىسىگە قارىتا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا ياردەملە‐
شىپ، كەنت تەۋەسىدىكى پۈتۈن ئېتىقاتچى ئامما بىلەن
«ئالتە ماددىلىق قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشماس‐
لىق توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە» ئىمزالاندى. بۇنى
شۇجى بىلەن ئاھالىلەر بىۋاسىتە ئىمزالىدى. كەنت
دىن باشقۇرۇش ھەيئىتىگە ياردەملىشىپ «دىنىي زاتلار‐
نىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق

30

توغرىسىدا ئالتە مادىلىق مەسئۇلىيەتنامە» ئىمزالاندى. بۇنى دىنىي زاتلار بىلەن كەنت دىن باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىمزالاشتى. دىنىي زاتلار بىلەن «ئالتە مادىلىق قورامىغا يەتمىگەنلەرنى دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇنلارغا كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە» ئىمزالاندى. بۇنى شۇجى بىلەن ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلار ئىمزالاشتى. كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ياردەملىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىنىپ مۇدىرى دىنىي پائالىيەتكە قاتناشماسلىق توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاشتى. مەكتەپ بىلەن كەنتتىكى پۈتۈن ئائىلە قورامىغا يەتمىگەن پەرزەنتلىرىنى دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندۇرماسلىق توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاشتى. بۇنىڭ بىلەن كەنت تارىختا تۇنجى بولۇپ دىن باشقۇرۇش تۈزۈملەشتى، قېلىپلاشتى. قانۇن ئىزىغا چۈشتى. 6 ـ مەھەللە گورۇپپىسىنىڭ بامدات نامىزى مەسچىتىنىڭ ئىمامى 70 ياشلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ××بامدات نامىزى ئوقۇشتىن بۇرۇن: «مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ دېيەلەيمەنكى، سەپتە پارتىيە ئەزالىرى بولسا، قورامىغا يەتمىگەنلەر بولسا مەسچىتتىن چىقىپ كېتىڭلار. ھازىر ناماز باشلىنىدۇ» دېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. يەنە شۇ مەسچىت بىلەن يەكشەنبەبازار يېزىسىنىڭ بىر ئازنا مەسچىتى يېقىن بولۇپ ئۇلارنىڭ مەسچىتى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئۇلار 6 ـ مەھەللە گورۇپپىسىنىڭ بامدات مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا كەلگەن. ئۆزىنىڭ ئىمامىنى ناماز ئوقۇتۇشقا چەكلەپ تۇرغان. بۇ چاغدا 6 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى «مەسچىت بىزگە تەۋە. ناماز ئوقۇساڭلار مەن ئوقۇتىمەن، بولمىسا كېتىڭلار. يۇرت ئاتلاپ كېلىپ بىزگە ئىماملىق قىلساڭلار قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس.» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتكەن.

بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى ئەشمە يېزىلىق پارتكوم قوللىدى. «مەسئۇلىيەتنامە» لەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنۇمىنى دەلىللەپ پۈتۈن يېزىغا كېڭەيتتى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ دەلىللەپ پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا ـ بازار، مەيدان، كەنتلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا تارقاتتى. بىز يۈزتۈرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنى ئوبدان ئىشلەپ، مەسىلە ھەل قىلدۇق.

**2. يۈزتۈرانە تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ سۈپىتىگە چېتىشلىق چوڭ ئىش.**

بىز شۇغۇللىنىۋاتقان بازار ئىگىلىكى ئەركىن بازار ئىگىلىكى ئەمەس بەلكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى. قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان بازار ئىگىلىكى. تونۇشى تۆۋەن بەزى كىشىلەر دەستەك قىلىۋالغاندەك «خەلق گەپ ئاڭلىمايدىغان» بولۇپ كەتكىنى يوق. جۇڭخۇا مىللەتلىرى قائىدە ـ يوسۇنلۇق خەلق. كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پارتىيىمىزنىڭ يۈزتۈرانە تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى ئاڭلاپ «ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئۆرۈلەتتى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پارتىيىمىزنىڭ يۈزتۈرانە تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى ئاڭلاپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئاتلاندى. ئالدىن بېيىغانلار دۇنيا بايلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ھېچ ئىش قىلالمىغانلىرى «قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇردى. جەمئىيەت بولغانىكەن، ئۇنىڭدا ئادىللىق بىلەن رەزىللىكتەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز يۈزتۈرانە تەشۋىق ـ تەربىيە ئارقىلىق ئادىللىقنى تەشەببۇس قىلىمىز، رەزىللىككە ئوت ئاچىمىز. ھەقىقىي نىيەتكە كېلىپ راستچىللىق بىلەن پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن ـ نىزام، بەلگىلىمىلىرىنى ھەر مىللەت خەلقىگە يۈزتۈرانە تەشۋىق قىلىپ ئىگىلەتسەكلا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھىم ئىش قالمايدۇ. خەلق ئۆزى ئىگىلىگەن سىياسەت، قانۇنغا تايىنىپ جەمئىيەت كۆشەندىلىرىنى، چىرىك ئۇنسۇرلارنى، مىللەت بۆلگۈنچىلىرىنى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى، زوراۋان، تېررورچىلارنى، يۇرت، مە-

ھەللە، كوچا زومىگەرلىرىنى خەلق دىكتاتۇرىسىنىڭ جازالىشى ئۈچۈن ئاشكارىلايدۇ.

گەپ مۇشۇنداق چىرايلىق قويۇلغىنى بىلەن ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس. قىيىنلىق دەرىجىسىنى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلار ئۆزلىرى ئۆرلەتمەكتە. بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىدۇ. يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىمەيدۇ، كېڭەشمەيدۇ. رەزىللىك باش كۆتۇرسە ئۆزلىرى يەڭ شىمايلاپ قەھرىمان بولۇشقا ئالدىرايدۇ. ئاممىنىڭ ھەقىقىي «قەھرىمان» لىقىنى بىلمەيدۇ. يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەپ ئاممىنى قوزغاتمايدۇ ياكى بىلمەيدۇ. بۇ يارىماس قىلىق يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئايرىم باشقۇرغۇچىلىرىدا بار، «يۇقىرى» دىن «تۆۋەن» گە چۈشكەنلەرنىڭ بىر قىسمىدىمۇ بار، پەقەت خەلقتىلا يوق. «يۇقىرى» دىن كەنتلەرگە، ئاساسىي قاتلاملارغا «چۈشكەن» لەردىن بەزىلەر ئاغرىنىپ: «يەرلىك كادىرلار ماسلاشمىدى، پارتىيە ئەزالىرى ماسلاشمىدى، ، تۆۋەن، گە چۈشۈشتىن زېرىكتىم» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىشقا تېگىشلىكىنى بىلمەيدۇ. «تۆۋەن» گە چۈشۈپ قورساق باقسا، ئويىنىسا، كېلىپ - كېتىپ يۇرسە ئۇلاردىن ئادەم توڭگۇل ئىتمۇ قاچىدۇ، يېقىنلاشمايدۇ. «تۆۋەن» گە چۈشكۈچى ئاممىغا يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيە بېرىپ، سىياسەت تاپشۇرۇپ، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، خاتىرە قالدۇرۇپ، ئاما ئارىسىغا چۆكۈپلا كەتسۇن قېنى، يېقىنلاشمىغان، ماسلاشمىغان يەرلىك كادىرلار چىقامدىكەن!؟! گەپ ئۆزىمىزدە. ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىزى ياخشى قىلىشتا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كۆچەيتىشتە.

يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيە ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، رېئاللىق دەرىجىسى يۇقىرى خىزمەت. ئۇنىڭ نۇسخا - ئەندىز، شەكىللىرىمۇ كۆپ خىل. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىنى، ۋەكىللەر يىغىنىنى، ھەيئەت رىياستى يىغىنىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئېچىش، شۇ مەمۇرىي رايوندا چوڭ ئىش بولۇش پرىنسىپىنى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاستە چېتىشلىق بولۇش پرىنسىپىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشتە شۇ ئىشنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى يۇزتۇرانە سۆزلەپ چۈشەندۇرۇش يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيە جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەڭ ئىناۋەتلىك تەربىيە، پۈتۈن خەلق چاقىرىق قىلىنغان تەربىيە. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشچىلار ئويۇشمىسى يىغىنى، كەنتلەردە ئاھالە كومىتېت يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنى ئېچىپ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىش يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيىگە كىرىدۇ. چۈنكى، قىلماقچى بولغان ئىش خەلققە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈلگەن، ھەر تەرەپنىڭ پىكرىنى ئالغان، ئاما قوزغىتىلغان بولىدۇ.

يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيىنىڭ قايسى بىر خىلىنى قوللانغان بولسۇن، ھامان بىر باشقۇرغۇچى تەشۋىق - تەربىيە بېرىدۇ. تەربىيە بەرگۈچىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولسا تەربىيە چولتا بولىدۇ. يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە ئىشلارنى سۆزلەيدۇ. تەربىيە بەرگۈچىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسا، سىياسىي سەزگۈرلۈكى، سىياسىي بىلىمى مول بولسا يۇزتۇرانە تەشۋىق - تەربىيە جايىدا بولغان بولىدۇ، ئۇقۇمى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ئىشتا مۇنداق ئىككىنى تەكىتلەش مۇھىم:

1. ئاساسىي قاتلاملارغا، كەنتلەرگە قويۇلىدىغان رەھبىرىي خادىملارنى ئوبدان تاللاش، ئۇ يەرلەردە ئىشلەش لاياقىتىنى ھازىرلىمىغانلارنى قەتئىي ئىشقا قويماسلىق كېرەك.

2. ئاساسىي قاتلاملارغا، يېزا - بازارلارغا، كەنتلەرگە تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بېجىرىدىغان خىزمەت ئەترەتلىرىنى تەشكىللىگەندە ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئويلىشىش، ئەۋەتىشتىن بۇرۇن تەربىيىلەش، ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى باشقىلارغا بىلدۇرگىلى بولمايدۇ.

**(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4828065

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ئون تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

يىن ۋەنباڭ

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدىكى بىر چوڭ ئىسلاھاتتۇر. 20 يىلدىن بۇيان، 3000 نەچچە يۈز يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقى ھەم دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل زور تۆھپىلەرنى ياراتتى. خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلاپ، توپلاش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە بېيىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتتى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى ئون تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. نوپۇزلۇق. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئادا قىلغان مەسئۇلىيەت ياكى يۈرگۈزگەن ھوقۇق دۆلەت ھاكىمىيىتىگە مەنسۇپتۇر. دۆلەت ھاكىمىيىتى زورلاش خاراكتېرىگە ۋە چەكلەش كۈچىگە ئىگە. دۆلەت ھاكىمىيىتى كۆپىنچە مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇقى يالغۇز شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدە بارلىق پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئالدىدا زورلاش خاراكتېرىگە ۋە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىسىگە نىسبەتەنمۇ ئوخشاشلا زورلاش خاراكتېرىگە ۋە چەكلەش كۈچىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى نوپۇزلۇق خىزمەتتۇر. ھالبۇكى، بۇ خىل نوپۇز شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ نوپۇزىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

2. كوللېكتىپلىق. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ ياكى «ھوقۇق كوللېكتىپتا بولىدۇ». چۈنكى، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدۇر. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپلىرى ياكى ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ھالدا يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقى يوق؛ ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىن قارىغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشى قايسى بىر شەخسنىڭ دېگىنى بويىچە بولماستىن، بەلكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەرتىپ بويىچە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئاۋازىغا قويۇپ بېكىتىلىدۇ. ھوقۇق يۈرگۈزۈش شەكلىدىن قارىغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كوللېكتىپنىڭ نامىدا ئېلان، قارار، بېكىتمە ۋە يەرلىك نىزاملارنى ئېلان قىلىدۇ؛ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى جەھەتتىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «كومىتېت تۈزۈمى» بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ «باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى» دىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە «كوللېكتىپلىق» نىڭ تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان بولىدۇ.

3. ۋەكىللىك. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆزى

قانۇن بويىچە سايلانغان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم سايلىنىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى تەرەپلىرىگە، ھەر قايسى پارتىيە، گۇرۇھلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە؛ ئىككىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى بارلىق خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنىڭ توپ ماھىيىتىدۇر؛ ئۈچىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ئاساسى بارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدۇر، ئۇلار ھەر قايسى سەپلەرگە تارقالغان، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر چوڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە خىزمەت ئەۋزەللىكىدۇر. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن، يەنى ئۇ خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلقنىڭ رايىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە تايىنىپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

4. قانۇنىيلىقى. كىشىلەر دائىم: «خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنىيلىقى كۈچلۈك» دېيىشىدۇ. قانۇنىيلىق يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە تۈزگەن يەرلىك نىزاملار، چىقارغان قارار، بېكىتمىلەر قانۇنىي كۈچكە، زورلاش كۈچى ۋە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئىككىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىگە، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئەدلىيە يۈرگۈزۈشىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ، بۇ ھەم «خىزمەت نازارەتچىلىكى» ھېسابلىنىدۇ، ھەم قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدە پۈتۈنلەي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشتە تامامەن قانۇن ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇندىن ئاساس تېپىش كېرەك بولىدۇ. ھەقىقەتەن قانۇن ھەرىكەت مىزانى قىلىنىدۇ. يۇقىرىقىلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ناھايىتى كۈچلۈك قانۇنىيلىققا ئىگە.

5. دېموكراتىيىلىكى. بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: بىرىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆزى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ مەھسۇلىدۇر. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە توپ سىياسىي تۈزۈم، ھەقىقىي سوتسىيالىستىك دېموكراتىك تۈزۈمدۇر. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى دەل مۇشۇ دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكى، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. ئۇ مۇشۇ دېموكراتىك تۈزۈمدىن كەلگەن، يەنە مۇشۇ دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ توپ ۋەزىپىسى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ خىزمىتى خەلق دېموكراتىيىسىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنىيلاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە تامامەن دېموكراتىيە پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدۇ، ھەر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىن

قارالمىلىرىنىڭ بىكىتىلىشى، ھەر بىر تۈرلۈك تەكلىپنى قاراپ چىقىش، ھەر بىر تۈرلۈك قارار، بىكىتىملەرنى بىكىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلىدۇ، ھەر بىر ئەزا كەڭ كۆشادە پىكىر بايان قىلىپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاخىرىدا ئاۋازغا قويۇپ ئەزالارنىڭ 1/2 دىن كۆپرەكى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەندىن كېيىن ماقۇللانغان ھېسابلىنىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپ ۋە ئەزالىرى ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە باراۋەر بولىدۇ، ھەممەيلەن قاراپ چىقىش قائىدىسىگە رىئايە قىلىدۇ، ئاۋاز بەرگەندە ھەممەيلەن پەقەت بىردىن ئاۋاز بېرىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇنىي جەھەتتىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، ئۇلار تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن، ئوخشاش بولمىغان سەۋىيىسى ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى تولۇق ئىزھار قىلىدۇ، دېمەك بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن قويۇق دېموكراتىك كەيپىيات ھازىرلاپ بېرىدۇ.

6. تەرتىپلىك. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدە تەرتىپلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەقەت تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرگەندىلا ئاندىن دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، دېموكراتىك تۈزۈمنى توغرا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدە ھەممە جايدا، ھەممە ئىشتا تەرتىپكە رىئايە قىلىش كېرەك. قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بولغانلىرىدا قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بېجىرىلىدۇ؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بولمىغانلىرىغا قارىتا قانۇن بويىچە قائىدە ـ بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، خىزمەت تەرتىپى ئورنىتىلىدۇ. مەسىلەن، ھەر قايسى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزۈپ چىققان قۇرۇلتاي يىغىنلىرىنىڭ ئىش قائىدىسى، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىش قائىدىسى، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئىش قائىدىسى، شۇنىڭدەك تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشنىڭ كونكرېت قائىدىسى قاتارلىقلار بار. ئۇ مۇمەن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى تەرتىپلىك بولۇش، قېلىپلاشتۇرۇش يولىغا سېلىنىدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە تەرتىپكە رىئايە قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىدە تېخىمۇ تەرتىپكە رىئايە قىلىنىدۇ، ئۇ تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان تەرتىپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

7. تەشەببۇسكارلىق. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت رەھبەرلىك قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىنىش مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى، ئۆزئارا ئالاقىلىشىش مۇناسىۋىتىدۇر. ھەر قايسى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھەر يىلى پۈتۈن يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، باشقۇچلۇق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا ھەر قايسى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى پۈتۈنلەي ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا بولغان تونۇشى، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى مەھكەم ئىگىلەشكە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىللىق خىزمەت پىلانلىرى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. شۇ ۋەجىدىن «تەشەببۇسكارلىق» يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمىتىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان. ئەگەر تەشەببۇسكار بولماي، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-

شىنى، شۇ دەرىجىلىك پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، ھۆكۈمەت، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ دوكلات بېرىشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشىككىچە ئىزدەپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، ئۇنداقتا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن ئاز بولغان بولاتتى، ھەقىقەتەنمۇ «بىكارچى ئورگان»، «قېرىلارنى باقىدىغان ئورگان» بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەگەر يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەشەببۇسكار بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك پارتكومىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، ئومۇمىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت ھوقۇقىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئۈنۈملۈك يۈرگۈزگەندە، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ تۈگىتەلمىگىدەك دەرىجىدە كۆپ بولىدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن «چوڭ ـ چوڭ تۈرلەر» نى تاللاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

8. ۋاسىتىلىك. بۇنى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت تەقسىماتى بەلگىلىگەن. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن يەرلىك نىزاملار، چىقارغان قارار، بېكىتمىلەر، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇھاكىمىنامە ۋە تەكلىپلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ھەم باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ۋە بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ ھەمدە ئىجرا قىلىش ۋە بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزى بىۋاستە ئىجرا قىلمايدۇ ۋە بېجىرمەيدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت خادىملىرى ئۈستىدىكى ئەرز ـ پىكىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بېجىرىشكە تاپشۇرۇلىدۇ ۋە بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەشكىللىگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇچرىتىلغان مەسىلىلەر، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ پىكىرلەرنىمۇ ئۆزى «بىۋاستە» بىر تەرەپ قىلماستىن، بەلكى «سىستېمىلار بويىچە دەرىجىگە ئايرىش» پرىنسىپىغا بىنائەن ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئەگەر يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كونكرېت مەسىلىلەرنى «بىۋاستە» بىر تەرەپ قىلغىلى تۇرسا، ئۇنداقتا ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى مەمۇرىي ئورگان، ئەدلىيە ئورگىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ قالىدۇ، ياكى ھاكىمىيەت ئورگىنىنى باشقا دۆلەت ئورگىنى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى خىزمىتىدە قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ، لېكىن، بۇ خىل «ۋاسىتىلىك» مۇتلەق بولمايدۇ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سورۇشتۇرمە قويۇش ھوقۇقى، بىكار قىلىش ھوقۇقى، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن چاغدا «بىۋاستە» بولىدۇ.

9. ئاشكارىلىق. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى نېمە ئۈچۈن ئاشكارا بولىدۇ؟ بىرىنچىدىن، بۇ خەلق دېموكراتىيىسى ماھىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسىدۇر. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ خىزمىتى مۇقەررەر يوسۇندا ئاشكارا بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، بۇنى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى بەلگىلىگەن. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش شەكلى ئاساسلىقى يىغىن ئېچىشتىن ئىبارەت. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن بويىچە ئاشكارا يىغىن ئاچىدۇ، يىغىندىن بۇرۇن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىدۇ، يىغىن داۋامىدا ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار يىغىنغا قاتناشقاندىن تاشقىرى يەنە ئالاقىدار خادىملارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتۇرىدۇ. (بەزى يەرلىك

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى يىغىن ئۆتكۈزگەندە سىرتتىن ئاڭلاش سورۇنى تەسىس قىلىندى) يىغىندىن كېيىن ئېلان چىقىرىدۇ ياكى ئاخبارات ئېلان قىلىدۇ، يىغىندا شەكىللەنگەن ھۆججەتلەرنى «يىغىن ھۆججىتى» قىلىپ بېسىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر بىر ۋەكىلىگىچە تارقىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك: يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يىغىنلىرى ئەڭ ئاشكارا، ئېنىقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى دەپ ئىنكاس قىلىشماقتا. ئۈچىنچىدىن، بۇنداق قىلىش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاشكارا بولۇشى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى چۈشىنىشىگە، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىغا قولايلىق بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك قاتنىشىشى ئۈچۈن كۆپرەك پۇرسەتكە ئىگە قىلىدۇ؛ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى چۈشىنىشى ۋە نازارەت قىلىشىغا قولايلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن يەرلىك نىزاملار، چىقارغان قارار، بېكىتمىلىرىنى ئىجرا قىلىشىغا، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللىشىغا قولايلىق. يۇقىرىقىلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئاشكارىلىق ئالاھىدىلىكى بولۇشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، بۇ ئالاھىدىلىك داۋاملىق



جارى قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن زۆرۈر.

10. ئىزدىنىشچانلىق. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 20 يىل يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئالغا باسقان 20 يىل بولدى. 1979 ـ يىلدىن ھازىرغىچە يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا ئۈچ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان يەرلىك تەشكىلىي قانۇننى 1979 ـ يىلدىكى يەرلىك تەشكىلىي قانۇن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى كۆرۈنەرلىك زورايدى، بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ قانۇن دەرىجىسىگە يۈكسەلدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا تۇرماقتا، يەنە جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا داۋاملىق ئىزدىنىشىگە، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىشىغا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەجرىبە ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىشىگە موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى ئىزدىنىشچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

(«جوڭگو خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ
1979 ـ يىل 6 ـ سانىدىن)
ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: سىدىقجان... 

# مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا

ئايگۈل مەمەت

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قانۇن ئىزىغا سېلىنىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت ـ ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىدۇ دېگەن سۆز، دەپ كۆرسىتىلگەن.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرەلمەسلىكتىكى مۇھىم ھالقا مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ـ باشقۇرالماسلىقتا. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەمۇرىي ئورگانلار دۆلەت ئورگانلىرى ئىچىدە بىر قەدەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، تۇتىدىغان ئورنى مۇھىم، چېتىلىدىغان ھەم باشقۇرىدىغان ساھەسى بىر قەدەر كەڭ، يەنە كېلىپ دۆلەت بەلگىلىگەن قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەمۇرىي ئورگانلار ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ـ ئەمەلىيلەشتۈرەلمەسلىككە باغلىق بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى ئورۇن ۋە ساھەلەر مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئالغا سۈرۈشتە بىر قەدەر زور ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈردى. بىراق يەنە بىر قىسىم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا:

1) مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى تازا مۇكەممەل ئەمەس. نۇۋەتتە تەشكىلىي تۈرمۇش چېچىلاڭغۇ، خىزمەتتە ئۆزئارا يېقىندىن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش تازا يېتەرلىك ئەمەس.

2) بەزى قانۇن ـ تۈزۈم بەلگىلىمىلىرىدە مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئەسلىدە كارخانىنى كارخانىنىڭ ئۆزى باشقۇرۇشقا ھەقىقىي تۈردە يول ئېچىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارتۇقچە ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق ھۆكۈمەت ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىشىش دائىرىسىدە بولمىغان ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان، كارخانىنى ئۆزى قۇرۇپ ئۆزى نازارەت قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە بازار رىقابىتىگە ئۆزى قاتنىشىدىغان، يېقىنلىرىنى كارخانا باشقۇرۇشقا قويىدىغان، قانۇنىي ئىگىسىنىڭ ساپاسى ۋە كارخانا باشقۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

3) قانۇن قارىشى كۈچلۈك ئەمەس. جۇڭگودىكى نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ ئاسارىتى ۋە كېيىنكى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى «مەمۇرىي بۇيرۇق» ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئىقتىساد باشقۇرۇشتەك خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى تۈپەيلىدىن ئاز بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ئادەم باشقۇرۇشقا ئادەتلىنىپ، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن. شۇڭا، ئۇلاردا شەخسىي ئىرادە، ئەمەلدارلىق ئىرادىسى ۋە ھوقۇق ئىمتىيازى تونۇشى بىر

قەدەر ئېغىر ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ۋە مەمۇرىي ھوقۇقتا قارىتىلغان ئاڭلىقلىق ئاجىز. رەھبەرلىك پائالىيىتىدە ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي، ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇنغا بېسىم قىلىدىغان، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىدىغان قانۇنسىز قىلمىشلارنى سادىر قىلماقتا. بەزى رەھبىرىي كادىرلىرى تېخى ئۆزلىرى دېلو تەستىقلاپ، دېلولارنى قانداق مۇقىملاشتۇرۇش ۋە جىنايى جازانى قانداق بىر ياقلىق قىلىش ئۈلچىمىنىمۇ بېكىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئاشۇ بىر قىسىم كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنىڭ ئاجىز بولۇۋاتقانلىقى جەھەتتىكى مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

4) قانۇن ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىك كۈچى ئاجىز. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشماقتا ۋە راۋاجلانماقتا. بىراق بۇ تەرەققىيات يەنىلا «دەسلەپكى باسقۇچ» تا تۇرغاچقا، قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ئەمەلىيىتىدە ھوقۇقتا چەك قويۇشقا بولغان نازارەتچىلىك مېخانىزمى يەنىلا مۇكەممەل ئەمەس ، شۇڭا نازارەتچىلىك كۈچى چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا.

مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، بىز ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە جەھەتتىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك:

1) قانۇن بولمىسا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار مەمۇرىيەتنى باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە قانۇنىي ئاساسقا تايىنىش، نىزام تەرتىپلەرگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. بازار ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، دۆلەت مەمۇرىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇننى بىلىشى ۋە چىڭ تۇتۇپ ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە موھتاج.

2) قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، ھەممىدە قانۇنغا تايىنىشنى ھەقىقىي تۈردە ئورۇنداش كېرەك.

قانۇن بولىدىكەن، مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى مۇقەررەر ھالدا قانۇن ـ تۈزۈمگە قاتتىق بويسۇنۇش ئىزىغا سېلىش كېرەك. بۇ مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇننى بىلىشى، قانۇنغا بويسۇنۇشى، قانۇنغا ھۆرمەت قىلىشى، قانۇن كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

3) قانۇنىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى ھەقىقىي تۈردە جازالاش كېرەك.

قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە جازالىغاندىلا، ئاندىن قانۇننىڭ ئادىللىقىغا، نوپۇزىغا ۋە بىردەكلىكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلغىلى ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچىدىن ، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلارنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. تۆتىنچىدىن ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى كۈچەيتىش لازىم. بەشىنچىدىن ، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپتىن)

مەسئۇل مۇھەررىر : سىراجىدىن ئىسمايىل
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

# خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاۋازغا قويۇش شەكلى ئۆزگەرتىلىشى كېرەك

چىڭ جۇڭچى

ئاۋازغا قويۇش شەكلى — خەلق ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى مۇھىم ۋاسىتە. ئاساسىي قاتلاملاردىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئاۋازغا قويغاندا ئادەتتە بېلەت ھېسابلاش شەكلى ۋە قول كۆتۈرۈش شەكىللىرى قوللىنىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا بېلەت ھېسابلاش شەكلى كۆپرەك كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا قوللىنىلىۋاتىدۇ. بىراق ئادەتتىكى ئاۋازغا قويۇش بولسا قول كۆتۈرۈش شەكلى بىلەنلا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

قول كۆتۈرۈپ ئاۋازغا قويۇش ئىپتىدائىي، قەدىمىي شەكىللەرنىڭ بىرى، بۇ ئۇسۇل ئاددىي بولۇپ ئاسانلا يولغا قويغىلى بولىدۇ. بىراق بۇنىڭ يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىمۇ بار. نۆۋەتتە ۋەكىللەر بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغان مەزگىللەردە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ چوڭ دوكلاتلىرىنى ئاۋازغا قويغاندا ئادەتتىكىدەكلا فول كۆتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. قول كۆتۈرۈش شەكلىنى نامسىز بېلەت تاشلاشقا ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن پايدىسى بولىدۇ:

بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلغىلى بولىدۇ. قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بەرگەندە يۈز خاتىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، باشقىلار تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا قارشى ئاۋاز بەردىم ياكى ھوقۇقۇمدىن ۋاز كەچتىم دەپ فول كۆتۈرسە باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل نامسىز بېلەت تاشلاشقا ئۆزگەرتىلسە، ۋەكىللەر ئۆز ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلىيەلەيدۇ. سىرتنىڭ كاشىلىسىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ئىرادىسىنى ھەقىقىي تۈردە نامايان قىلالايدۇ.

ئىككىنچى، قاراپ چىقىشتىكى شەكىلۋازلىقنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆستى. قول كۆتۈرۈش شەكلىنى نامسىز بېلەت تاشلاش شەكلىگە ئۆزگەرتىش كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى. بۇنداق بولغاندا خەلق ۋەكىللىرىنىڭ دوكلاتنى قاراپ چىقىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتىنى ياخشى بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭدا مۇھىمى نەتىجە بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خەلق رازى بولغۇدەك جاۋاب بەرگىلى، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتماي، يوغان گەپلەر بىلەن ۋەكىللەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلققە بەرگەن ۋەدىلىرىنى قۇرۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماي، بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى سانىدىن)

ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قانۇننىڭ ئىجراسىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈشى مۇۋاپىق ئەمەس

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشىنى تەكشۈرۈشى قانۇندا بېكىتىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى بىر مۇھىم ئۇسۇلدىن ئىبارەت. بىراق، ھازىر بىر قىسىم جايلاردا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت بىرلىكتە قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس.

بىرىنچى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يەرلىكتىكى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى، دائىمىي كومىتېت ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى، ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئورگاندۇر. بۇ ئىككى ئورگان گەرچە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن، خىزمەت نىشانى بىردەك بولسىمۇ، بىراق قانۇنلاردا بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى، خاراكتېرى ۋە خىزمەت ھوقۇقلىرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، قانۇن ئىجرا قىلىش سۇبيېكتى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى سۇبيېكتتۇر. بىرلىشىپ قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەندە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكىدە بولىدىغان ھۆكۈمەت نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكت بولماي قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەمۇرىي قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سۇبيېكتىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالىدۇ؛ ئۈچىنچى، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتىكى مەقسىتى ئەھۋال ئىگىلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. قانۇننىڭ ئىجراسىنى بىرلىشىپ تەكشۈرگەندە ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق ئىگىلىشىگە توسقۇنلۇق پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش قىيىن ۋە ئۇ تەكشۈرۈش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 22 - مارت سانىدىن)

ئابدۇۋەلى ماموت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم
تېلېفون: 61203 - 4828065

---

(بېشى 54 - بەتتە)

ئۆرنەك ئېلىپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ئۈچ جايدا سومىسى بەش يارماق، ئۈچ يارماق، ئىككى يارماق ۋە بىر يارماقلىق «گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى»، «ئۈرۈمچى گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى»، «گۇاڭشۈي يامبۇسى»، «بۈيۈك چىڭ كۈمۈش پۇلى»، «قەشقەر كۈمۈش تەڭگىسى»، «شۇەنتۇڭ كۈمۈش پۇلى»، «شۇەنتۇڭ يامبۇسى» نامىدىكى پۇللارنى تارقاتقان. 1912 - يىلى شىنجاڭدا يەنە «ئۈرۈمچى بىر سەر كۈمۈش پۇلى»، «قەشقەر مىنگو بەش يارمىقى»، «رېنزى كۈمۈش پۇلى» قاتارلىق ئۈچ خىل پۇل قويۇپ تارقىتىلغان. 1949 - يىلىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا «- يۈەن» نى بىرلىك قىلغان، «شىنجاڭ پۇل ياساش زاۋۇتى قۇيدى»، «مىنگونىڭ 38 - يىلى»، «بىر يۈەن» دېگەندەك خەتلەر چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگە تارقاتقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ رايونىدا كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ تارقىتىلىشى ئاستا - ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي - تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇتقۇچىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4828065

# مائارىپ ئەسلىھەلىرىدە زور ھادىسە پەيدا قىلىش جىنايىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

مەتىمىن موللانىياز



پارتىيىمىز دۆلەتنى مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. مەكتەپ ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ۋاسىتىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا دۆلەت يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا «مائارىپ ئەسلىھەلىرىدە زور ھادىسە پەيدا قىلىش جىنايىتى» توغرىسىدا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىپ، مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى قوغداش ئارقىلىق ئۇنىڭدا زور ھادىسە پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ مائارىپنىڭ ساغلام، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. دۆلىتىمىز يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 138 - ماددىسىدا: «مەكتەپ بىناسى ياكى مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تەدبىر قوللانماي ياكى ئۇنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلماي، زور تالاپەت پەيدا قىلسا، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلسا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ خىل جىنايەتنى چۈشىنىشتە تۆۋەندىكى ئۆچ تۈرلۈك شەرت ۋە تەلەپلەرنى ھازىرلىغان - ھازىرلىمىغانلىقىنى كۆرۈش ئارقىلىق چۈشىنىش كېرەك. ئەگەر بىر شەرت كەم بولسا بۇ خىل جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ.

بىرىنچى، بۇ خىل جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى مەكتەپنىڭ مەسئۇل خادىملىرى ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملار. مەكتەپ دۆلەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنى ۋە ھەر جەھەتتىكى مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ئورنى بولۇپ ئېلىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، مەكتەپ مەسئۇللىرىدا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر مەكتەپلەردىكى مەسئۇل خادىملار ياكى جاۋابكارلىقى بار باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملار مەكتەپ بىناسى ۋە مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەدبىر قوللانماي ياكى ئۇنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلماي، بىنا ئۆرۈلۈش، ئادەمنىڭ يارىلىنىش ۋە ئۆلۈشىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا، ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، قانۇندا بۇ خىل جىنايى قىلمىشنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار خادىملاردىن سۈرۈشتۈرۈش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. بۇ يەردىكى بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار خادىملار مەكتەپنىڭ مەكتەپ بىناسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل خادىملىرى ۋە بىنانىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى ياكى ئادەمنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىدا بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار خادىملارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ خىل جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئو-

قۇغۇچىلارنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىكى بولىدۇ.

دۆلەت ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە دۆلەت يەنە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەر خىل مەكتەپلەرگە مەبلەغ سېلىپ، مەكتەپنى ئوبدان باشقۇرۇش، ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىش بولۇپمۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. شۇڭا، مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ مەكتەپ بىناسى ۋە باشقا مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئاسراش، مۇشۇ ئاساستا مائارىپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋەزىپىسى بار. بولۇپمۇ مەكتەپ ياش ـ ئۆسمۈرلەر كۆپ توپلانغان، كۆپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جاي بولغاچقا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر خىل مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تەسىس قىلىشتا بىخەتەرلىكنى نەزەرگە ئېلىپ، ھەر جەھەتتە كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىشى، قىلچىلىك سەۋەنلىك سادىر قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر مەكتەپنىڭ مەسئۇل خادىملىرى ياكى بىۋاستە جاۋابكارلىقى بار خادىملار يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەرت ۋە تەلەپلەرگە سەل قاراپ زور تالاپەت پەيدا قىلىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزسە، بۇ خىل قىلمىش جىنايەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بۇ خىل جىنايەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جىنايى قىلمىشنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئالغاندا، بۇ مەكتەپ بىناسى ياكى مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەدبىر قوللانماي ياكى ئۇنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلماي، پوزىتسىيە جەھەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، بىنانىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى ياكى مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ، ئادەمنىڭ زەخىملىنىشى ۋە ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقتىن ئىبارەت قىلمىشتا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ يەردە زور تالاپەت ئاقىۋىتىنىڭ كېلىپ چىققان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلمىشى بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلمىغانلار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۈتۈلمىگەن ھادىسە سەۋەبىدىن بىنا ئۆرۈلۈپ ياكى ئادەم زەخىملىنىش ۋە ئۆلۈش ئاقىۋىتى كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن مەسئۇل خادىملارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ خىل جىنايەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە پەقەت سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولىدۇ. ئەگەر سۇبيېكتىپ جەھەتتىن قەستەنلىك بىلەن مۇشۇنداق زور تالاپەت ھادىسىسى كېلىپ چىقىپ بىنا ئۆرۈلۈپ ياكى ئادەم زەخىملىنىش ۋە ئۆلۈشتەك ئاقىۋەت بولسا «مائارىپ ئەسلىھەلىرىدە زور ھادىسە پەيدا قىلىش جىنايىتى» بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنماي جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار جىنايەت نامى بىلەن جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. قانۇندا بىنانىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى ياكى ئادەمنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىدەك پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ يەردىكى «پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت» نى كۆپرەك ئادەمنىڭ زەخىملىنىشى ۋە ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ، پەۋقۇلئاددە يامان تەسىر پەيدا قىلىش دەپ چۈشىنىش كېرەك.

(ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

# ئاساسىي قانۇندىكى «一切权力» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابلەت مامۇت

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا: 《中华人民共和国的一切权力属于人民。人民行使国家权力的机关是全国人民代表大会和地方各级人民代表大会。》 دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار چىقارغان ھەر خىل كىتابلاردا ئىزچىل تۈردە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلىرىدۇر.» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ بەلگىلىمىدىكى «一切权力» دېگەن سۆز «بارلىق ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنسا ئانچە توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

1. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بىز ئۇزۇندىن بۇيان «权力» دېگەن سۆزنى «ھوقۇق» دەپ، «政权» دېگەن سۆزنى «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىپ كېلىۋاتىمىز، ئەمەلىيەت بۇ ئىككى سۆزنى يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلىشنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى تەكرار ئىسپاتلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى بەلگىلىمىدىكى «一切权力» دېگەن سۆز «بارلىق ھوقۇق» دەپ تەرجىمە قىلىنماي «بارلىق ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مېنىڭچە «ھوقۇق» دېگەن سۆز بىلەن «ھاكىمىيەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىككى سۆز گەرچە مەنا جەھەتتە بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىككى خىل ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. «ھاكىمىيەت» دېگەن سۆز ئىنتايىن تار مەنىگە ئىگە، «ھوقۇق» دېگەن سۆز ئىنتايىن كەڭ مەنىگە ئىگە. ھاكىمىيەتنى قايسى سىنىپ ئىگىلىسە شۇ ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى مىسالغا ئالساق، دۆلىتىمىزدە ئەمگەكچى خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزاق مۇددەت قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، «ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە ھوقۇق يۈرگۈزەلەيدىغان بولغان. «خەنزۇچە سۆز قامۇسى» دىمۇ بۇ ئىككى سۆزگە ئايرىم ـ ئايرىم تەرىپ بېرىلگەن. شۇڭا ئەسلىدە ئىنتايىن كەڭ مەناغا ئىگە بولغان «权力» دېگەن سۆزنى «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلغاندا «权力» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى تولۇق، توغرا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇقۇم جەھەتتە مۇجمەللىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «权力» دېگەن سۆزنى بەزىدە «ھوقۇق»، بەزىدە «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىپ ئېلىشتۇرۇپ يۈرمەي، يەنىلا «权力» نى «ھوقۇق»، «政权» نى «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىۋېرىش لازىم.

2. ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، دۆلىتىمىزدە پەقەت ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى بىرلا ھاكىمىيەت يەنى خەلق ھاكىمىيىتىلا مەۋجۇت. بۇ ھا-

كىمىيەت گەرچە مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت دەپ بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، شەكلى ۋە فۇنكسىيىسى ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ھوقۇق دائىرىسى جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ ـ خالاس. «一切权力» نى «بارلىق ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلغاندا خۇددى دۆلىتىمىزدە خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، شەكلى ۋە فۇنكسىيىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر مۇنچە ھاكىمىيەت مەۋجۇتتەك بىر خىل مەنا چىقىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن «一切权力» نى «بارلىق ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلسا توغرا بولمايدىغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

3. ئاساسىي قانۇندىكى يۇقىرىقى بەلگىلىمىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندىمۇ بۇ يەردىكى «一切权力» «بارلىق ھاكىمىيەت» نى ئەمەس بەلكى «بارلىق ھوقۇق ياكى ھەممە ھوقۇق» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ بەلگىلىمە بويىچە، دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ. خەلق بۇ ھوقۇقلارنى ئۆزلىرى قانۇن بويىچە سايلىغان خەلق ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئۆزى بىۋاستە يۈرگۈزۈپ بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇ قانۇن چىقىرىش، دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىش، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى سايلاش ـ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، گوۋۇيۈەن بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىشتەك چوڭ ـ چوڭ ھوقۇقلارنى ئۆزى بىۋاستە يۈرگۈزگەندىن باشقا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى، سوت ھوقۇقىنى، تەپتىش ھوقۇقىنى شۇنداقلا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقلىرىنى قانۇن چىقىرىش يولى بىلەن گوۋۇيۈەنگە، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە شۇنداقلا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ئايرىپ بېرىپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ بىۋاستە يۈرگۈزۈشىگە تاپشۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى سايلىغۇچى ئورۇننىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ ئاشۇ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدە گەپ «ھاكىمىيەت» ئۈستىدە ئەمەس بەلكى «ھوقۇق» ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت دۆلىتىمىزنىڭ بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى دۆلىتىمىزدە بارلىق ھوقۇقنىڭ خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە ئاساسىي قانۇننىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى ئاشۇ بەلگىلىمە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ. خەلقنىڭ دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنى — مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدۇر.» دەپ تەرجىمە قىلىنسا ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى توغرا، ئېنىق ۋە مۇكەممەل ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى
تېلېفون : 4828065 _ 61028



# يېزا پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتى توغرىسىدا

تاھىر ماموت

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى يېزىلاردىكى يېزا (بازار) لىق پارتكوم ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى. بۇ ئامما بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتەك مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئەگەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولمىسا، پارتىيىنىڭ تۈپ ئاساسى بولمايدۇ. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارار ماقۇللىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانى بەلگىلەندى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلدى، يېزا (بازار) لىق پارتكوم ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ۋە جەڭگىۋارلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، يۇقىرى ساپالىق يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلدى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى، جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەيۋىسىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرت. جەمئىيەت مۇقىم بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، قولغا كېلىپ بولغان نەتىجىلەرمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە، يېزىلاردىكى كەڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياخشى، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، خەلق مەنپەئىتىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتتى. لېكىن، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە جىددىيلىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، خىزمەتتە بىر قولى قاتتىق، بىر قولى يۇمشاق بولۇشتەك ھادىسىلەر ساقلاندى. خىزمەتنىڭ سالمىقى جەھەتتە، تەلەپكە يەتمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. تەرەققىيات تەكشى بولماسلىقتەك بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر خېلى ساقلاندى. قىسمەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاجىز، چېچىلاڭغۇلۇق ھادىسىسى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى. بۇ بىر نەچچە يىلدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بەزى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن، قابىلىيىتى بىر قەدەر ئاجىز، يېشى چوڭ، بولۇپمۇ بەزى ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرى مىللىي ھېسسىيات

ۋە دىنىي كەيپىياتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بايرىقى رو-شەن ھالدا ئامىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر-گە قارشى تۇرالمىدى، بەزىلىرى ھەتتا دۈشمەنگە ئاش-سىز ھېسداشلىق قىلىپ ۋە ئۇنى بوش قويۇۋېتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ بەزى جايلاردا ساقلىنىشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا شا-رائىت يارىتىپ بەردى.

دېمەك، قەيەردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلا-تىنىڭ ھاكىمىيەت ئىگىلى كۈچلۈك بولمىسا، رەھبەر-لىك يادروسىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىسا، ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىقى بولمىسا، شۇ يەردە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ئەۋج ئالىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تېررورچىلارغا پائالىيەت سورۇنى ھا-زىرلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. ئىقتىدارلىق كادىرلارنى تاللاپ، يېزا، كەنت ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنىغا قوبۇش كېرەك.

بىر تۈركۈم سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك، ئىستىلى دۇرۇس، ساپاسى يۇقىرى زاپاس كادىرلارنى يېزا، كەنتلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ چېنىقتۇرۇپ، شۇ جاينىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كې-رەك، شۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، كادىر-لارنى چېنىقتۇرۇش، تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۇلاردا مۇ-رەككەپ، جاپالىق مۇھىتلاردا مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بو-لىدۇ.



2. يېزا، كەنتلەردىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇ-نىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە زورايتىش كېرەك.

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، يېزىلارنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ-ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قى-لىمىز دېيەلمەيمىز، چوقۇم ھاياتىي كۈچكە تولغان ئا-ساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى ۋە ھەقىقىي ئاۋانگارت-لىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، غايە، ئېتىقاد تەربىيە-سىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنتىزام قارشىنى كۈ-چەيتىپ، لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

قىسقىسى، يېزا پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرمىسەك دەيدىكەنمىز، بىرىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى-نىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، بەنزە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، كادىرلار ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يېزا (بازار) لىق پارتكوم قۇرۇلۇ-شىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-ناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام دې-موكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىدا ئىلغار، ياخشىلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بەشىنچىدىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار تەشكىلاتى، خەلق ئەسكەر-لىرى، ئامانلىق ساقلاش قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئام-مىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاكتىپلار قوشۇنىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ۋە زورايـ-تىپ، ئۇلارنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش، ئىشلەپچىقى-رىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 - 4828065

# ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەخلاققا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

رەھىم يۈسۈپ

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 ـ قۇرۇلتايدا بېرىلگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى : «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقى سۈپىتى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكىگە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېتىشتۈرۈش شەرت. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىسى» . («جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 72 ـ 73 ـ بەتلەر) .

ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەخلاققا، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇنداق بايانلار «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا «پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەترابلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىقىلاردىن بىز ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

بىزگە مەلۇمكى، ئىلىم ـ پەن — تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ سىستېمىسى. ھەرقانداق بىر ھەقىقىي پەن ئەخلاق بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار ئەخلاقىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىسى مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئىلىم ـ پەن — كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش ئارقىلىق ئەخلاق جەھەتتە ئالغا بېسىشىنىڭ قورالى. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، ئىلىم ـ پەن ھەر بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، ئۇ ئەخلاقنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تۈرتكە بولۇپ كەلدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا تارىختا ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن ھەر قانداق بىر خىل ئەخلاقنىڭ ھەممىسى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى قوللاپ كەلدى. غەربنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن ئالىملار ئىلىم ـ پەننىڭ ئەخلاقى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، ئۇلار كۆپ ھاللاردا بىلىم بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ئەخلاقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل دەپ قاراپ كەلدى. مەسىلەن، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات: «بىلىم — گۈزەل ئەخلاق دېمەكتۇر» (بەزى ماتېرىياللاردا بۇ سۆز «گۈزەل ئەخلاق —بىلىم دېمەكتۇر» دېيىلىپ ئۇچرايدۇ) دەپ قارايدۇ. مۇتەپەككۇر ئارىستوتېلمۇ: «بىلىم ئىگىلىگەندىلا ئاندىن خۇشاللىققا ئىگە بولغىلى، ئازابتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇرژۇئازىيە دەۋرىگە كەلگەندە، ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ بېكون يەنە «بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلىم ـ پەننى فېئودال، دىنىي كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ قورالى دەپ قارىغان ھەمدە پەننىي بىلىملەرنى ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى يارىتىش، قەلبىنى پاكلاشتۇرۇش، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە بىدئەتلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ، دەپ ھېسابلىغان. جۇڭگونىڭ ئەخلاقشۇناسلىق تارىخىدىمۇ بىلىم بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىمۇ ئەخلاقىي

جەھەتتە تەربىيىلىنىش بىلەن ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان، خۇراپاتلىق ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلغان، نەتىجىدە، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە ئالىيجاناپ سىياسىي ئەربابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىلىم - پەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى شۇنداقلا ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەتنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇپ قالدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، ماركسىزمچىلار ئىلىم - پەننىڭ ئەخلاققا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىن ئايرىلغاندا، كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ئىلىم - پەن ئەمەلىيىتى ئادەمنىڭ يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. بىزگە مەلۇمكى، پەن تەتقىقات جاپالىق ۋە مۇرەككەپ ئىجادىي ئەمگەك. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ھەقىقەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ئىنسانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھ ۋە قەيسەر ئىرادە بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈستىدە ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن كىلاسسىك يازغۇچىلىرىمىز پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەگرى - توقاي يول بىلەن ئېگىز چوققىغا چىقىشقا ئوخشاتقان. قارىماققا، پەن تەتقىقات ئەمەلىيىتى شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل كوللېكتىپ پائالىيەت. مەسىلەن، پەننىي بىلىملەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش قوراللىرى، ۋاسىتىسى ۋە ئۇسكۇنىلەر شۇنىڭدەك پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جايلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتىكى باشقا ئەزالار تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى يەنە كوللېكتىپنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىدىغان كوللېكتىپچىلىق روھ بولمىسا، پەن تەتقىقات جەھەتتە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئىلىم - پەن ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزى بىر خىل ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پائالىيەت، ئۇ كىشىلەردە ئالىيجاناپ ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدىغان ئۇچاق ياكى مەكتەپ.

ئۈچىنچى، ئادەمنىڭ ساپاسى ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ يېتىلىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەش — ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ روھىي دۇنيارىمىزنى چىرىتىشىنى توسۇپ قېلىشقا پايدىلىق. بىزگە مەلۇمكى، پەننىي بىلىملەرنىڭ تەرەققىياتى كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، پەننىي بىلىملەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ماددىي شەرت - شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سىنىپىي جەمئىيەتتە پەن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ھامان ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت ۋە سىنىپىي ئورۇننىڭ چەكلىمىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، پەننى سۆيۈش ھەر بىر پۇقرانىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كوممۇنىستىك ئەخلاقىي مىزانلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى.

قىسقىسى، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ئەخلاقىي مىزانلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىلىم - پەن— ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئىلغارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور كۈچ. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن - تېخنىكىنىڭ تاڭ نۇرى خەلقىمىزدىن ئىنسانلارنىڭ تارىختىكى بارلىق ئېسىل پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشنى، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تېزلىك بىلەن ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىقى تەھلىلىمىزدىن شۇنداق ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بولمىسا، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ئۆسمەيدىكەن، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەڭ قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 4828065 - 61208

# شالدىراڭلىقلارنىڭ ياخشى باشلامچىسى

تۇرامەت زايىت

بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى شۇ ئادەمنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، خىزمەت ستاژىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى ئاددىي خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپمۇ ئىزچىل تۇردە جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدا، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

قاغىلىق ناھىيە جاڭگىلئەسكى يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شالدىراڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇردى ھەسەن مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى. قانداق قىلغاندا كەنتنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى تېزرەك ئۆزگەرتىپ، خەلقنى بالدۇرراق ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە 1999 - يىلى جاڭگىلئەسكى يېزا شالدىراڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىغا شۇجى بولغان تۇردى ھەسەننىڭ بېشىنى قاتۇردۇ، شالدىراڭ كەنتىنىڭ يەرلىرى شورلۇق بولۇپ، مۇنبەت يېرى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ % 15 نىمۇ تەشكىل قىلمايدىغان بولغاچقا، بۇ كەنت يېزا بويىچە نامراتلىقتا داڭقى چىققان كەنتلەرنىڭ بىرى ئىدى. كەنت بويىچە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 350 كىلوگرام، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 70 كىلوگرامدىن ئاشمايتتى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 480 يۈەن بولۇپ، كەنتتىكى 200 گە يېقىن دېھقان ئائىلىسىنىڭ % 60 ى سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئۇ ئالدى بىلەن ئىشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى. دېھقان - چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش بىلەن پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ھەر يىلى ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۆت قارادىن قىسقا مۇددەتلىك دېھقان - چارۋىچىلار پەن - تېخنىكا سىنىپى تەشكىللەپ، دېھقانلارنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بورداقچىلىق، باغ، ئورمانچىلىق بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىدە بىردىن دېھقان تېخنىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. پارتىيە ئەزالىرى پېشقەدەم دېھقان ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، كەنتنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى ۋە ئۈنۈمسىز شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ شورنى تىزگىنلەش پىلانىنى تۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان شورنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ بېرىپ، ئۇن يىلدا 3000 مودىن ئارتۇق ئۈنۈمسىز شورلۇق يەرنى 126 سالا ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ، تۇپراق شارائىتىنى ياخشىلىدى. 138 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چاپتى. 110 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق شورغا قارشى سۆگەت، جىگدە ئورمىنى تىكىپ شورنى تىزگىنلىدى. شۇ ئارقىلىق % 98 تېرىلغۇ يەر ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، تۇردى ھەسەن باشلامچى بولۇپ 1990 - يىلى كەنت تەۋەسىدە دەسلەپكى قەدەمدە «55» تىپلىق تراكتوردىن بىرنى ۋە بىر يۈرۈش چاتما سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، ئېتىز مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ھازىر تۇردى ھەسەن ئائىلىسىدە «55» تىپلىق تراكتوردىن 3 ى، ھەر خىل چاتما سايمانلاردىن 13 ى بولۇپ، ئېتىز مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يىللىق كىرىمىنى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. كەنت بويىچە 56 دېھقان ئائىلىسى قول تراكتورى، سەككىز دېھقان ئائىلىسى ئوتتۇرا - چوڭ تىپتىكى تراكتور، بەش دېھقان ئائىلىسى مىنىبۇس سېتىۋېلىپ، ئېتىز مەشغۇلاتى ۋە كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلە ئىقتىسادىي كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ھازىر بۇ كەنتتە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 1470 يۈەنگە يەتتى. 85 ئائىلىلىك دېھقان خىش قۇرۇلمىلىق يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقتى. تۇردى ھەسەن بۇ كەنتتىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان 38 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ يەتتە كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يول ئازابىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 58 مىڭ يۈەن مەبلەغ يىغىش قىلىپ، بىر دانە مىنىبۇس سېتىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە ھەقسىز ئاپىرىپ - ئەكىلىپ خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. ئۇ بېيىغاندا يېزا مىللىي مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 112 مىڭ 500 يۈەن چىقىم قىلىپ سەككىز ئېغىز خىش قۇرۇلمىلىق سىنىپ، ئۈچ ئېغىزلىق ئىشخانا قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنى قايتىدىن يېڭىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى خاتىرجەم ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل
تېلېفون: 61208 - 4828065

# روھىي گادايلارغا دەۋرىمىزدىن ئورۇن بەرمەيلى

تۇرسۇن ياسىن

يېقىندا چۆشلۈك دەم ئېلىش ئۈچۈن ئىدارىدىن ئۆيگە كېتىۋېتىپ 12 ـ 13 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۆسمۈردىن ئىككى دانە ماتاڭ سېتىۋالدىم. دەل شۇ چاغدا يېنىمدا 50 ياشلار ئەتراپىدا تېنى بىجىرىم، قويۇق ساقاللىق بىر ساھىل كېلىپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «رىسقىمنى خۇدادىن تىلەيمەن، رىسقىمنى ئاللادىن تىلەيمەن» دېگىنىچە ھېلىقى ماتاڭ سېتىۋاتقان ئۆسمۈرگە تىكىلدى. ھېلىقى ساھىل (تىلەمچى) ماتاڭ سېتىۋاتقان بالىغا قاراپ ھېلىقى گېپىنى توختىماي تەكرارلاۋەردى. بۇ تىجارەتچى بالا غەللىدىن ئون فۇڭ پۇل ئېلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ساھىل يۇقىرىدىكى گېپىنى تەكرارلىغىنىچە باشقا تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا تەمشىلىۋېدى، مەن:

—تاغا، ھازىر ئۆزلىرى رىسقىمنى ئاللادىن تىلەيمەن دەۋاتاتتىلە، رىسقىلىرىنى ئاللادىن تىلىمەي كىچىككىنە بىر بالىدىن تىلىدىلىغۇ؟ سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە ئاشۇ ئون نەچچە ياشلىق بالا خۇدا بولدىمۇ؟ ئون فۇڭ پۇل ئۈچۈن ئاشۇ بالىنى خۇدا قىلىپ قويسىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە توغرا كېلەمدۇ؟ ـ دېدىم.

ھېلىقى ساھىل جاۋاب بەرمەي، ئىچىدە غۇدۇراپ نارازى بولغىنىچە ئېتىتىك كېتىپ قالدى.

خەيرى ـ ساخاۋەت ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز ھەر ساھە، ھەر كەسىپ تىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئاجىز، مېيىپ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ جاپا تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۇلارغا يىللىقلىق يەتكۈزۈش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەر خىل خەيرى ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ. لېكىن بىر قىسىم «روھىي گاداي» لار ئۆزى بىجىرىم، بەش ئەزاسى تولۇق، ساق سالامەت، ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش قابىلىيىتى بار تۇرۇقلۇق، ھورۇنلۇق، قاشاقلىق قىلىپ مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان ناچار قىلمىقلارنى كەسىپ قىلىۋېلىپ، كوچا ـ كويلاردا يالغان سۆزلەپ رەسۋالاشماقتا. بىز يەنە قاچانغىچە تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىپ رەسۋالىشىمىز؟ قايسى يۈزىمىز بىلەن 21 ـ ئەسىرگە، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئىلگىرىلىمەيلەيمىز. بىز تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان ئازغىنە بىساتىمىز بىلەن قايسى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز؟ تىلەمچىلىك ئومۇملۇق ئەمەس، بىز ھەممىمىز تىلەمچى گاداي بولۇپ كەتمىدۇق. لېكىن ئارىمىزدىكى ئاز بىر قىسىم پارازىت قۇرتلار دەۋرىمىزگە نامۇناسىپ ھالدا سۆرۈلۈپ يۈرسە بىز ھەممىمىز ئۈچۈن نومۇس. بولۇپمۇ ھازىرقى بۈيۈك 21 ـ ئەسىرگە، ئىلىم ـ پەن دەۋرىگە قەدەم بېسىۋاتقان مەزگىلدە مۇشۇنداق روھىي گادايلارغا ئارىمىزدىن ئورۇن بەرمەيلى. ئۇلارنى ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش يولىغا يېتەكلىشىمىز، نومۇسسىز قاشاقئەبگالارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىپ گۈللەپ ياشناۋاتقان بۈگۈنكىدەك بەختىيار زامانىنىڭ ئوبرازىنى ساقلىشىمىز ۋە نۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065

# چىرا ناھىيىسىدە يېزا- بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمەتلىرىدە تۈزۈملىنىش، قېلىپلىنىش ۋە دائىملىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

مەتقۇربان ھوشۇر

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى ناھىيىگە قاراشلىق يېزا- بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ۋە يىللىق باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىلغار تىپلارنى تاللاپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ، ھەيئەت رىياستى خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە دائىملاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتقانلىقتىن، بۇ ناھىيىگە قاراشلىق يەتتە يېزا، بىر بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمىتىدە تۈزۈملىنىش، قېلىپلىنىش ۋە دائىملىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇ ناھىيىگە قاراشلىق يەتتە يېزا، بىر بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ ھەممىسى بىرىنچىدىن، ئۆگىنىش تۈزۈمى، يىغىن ئېچىش تۈزۈمى، ۋەكىللەر پائالىيەت تۈزۈمى، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمى، مالىيە ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق بىر قاتار تۈزۈم، تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى بېكىتىپ، قانۇن نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكى جەھەتتىكى ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە ئۇنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، قاراپ چىقىش، خىزمىتىنى باھالاش قاتارلىق پائالىيەت مەزمۇنلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىغىچە تارقىتىپ، بۇنى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى مۇكەممەل بىر تۈزۈمگە ئايلاندۇرغان. ئىككىنچىدىن، ھەر قېتىملىق ھەيئەت رىياستى يىغىنى ئېچىشتىن بۇرۇن يىغىن ئېچىش ۋاقتى، يىغىندا قاراپ چىقىدىغان مەسىلىلەر، يىغىنغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا پارتكومغا يوللىغان دوكلاتى بولۇش، پارتكوم قوشۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ھەيئەت رىياستى يىغىنىنى ئۇنۇملۇك ئېچىش، يىغىن خاتىرىسى تولۇق بولۇش قېلىپلاشتۇرۇلغان. ئۈچىنچىدىن، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يەسلىدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم يىغىن ئېچىش، يىغىن قارالمىسى بولۇش ۋە يىغىن قارالمىسى ھەيئەت رىياستى ئەزالىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللانغان بولۇش، ھەيئەت رىياستى يىغىنىنى ھەيئەت رىياستى ئەزالىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قاتناشقاندىلا ئېچىش، دېگەن روھ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلغان. تۆتىنچىدىن، ۋەكىللەر پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى خاس ئۆگىنىشلا قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىللا بولۇشتىن، كۆپ خىل بولۇش، ئەمەلىي بولۇشقا يۈزلىنىپ ۋەكىللەر پائالىيىتى ئارقىلىق سايلىغۇچىلار ئىنكاس قىلغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ھەيئەت رىياستىگە يوللاش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش دائىملىق تۈزۈمگە ئايلانغان.

| |
|---|
| مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىددىن ئىسمايىل |
| تېلېفون: 61208 ـ 4828065 |

52

# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىشلىتىلگەن مېتال پۇللار

نۇرۇللا مۆئمىن يۇلغۇن

نۆۋەتتىكى يازما تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدا بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ھەر خىل مېتال پۇللار ئىشلىتىلگەن. قەدىمكى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدە گەرچە ئاشلىق ۋە چارۋىلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مىس، كۈمۈش، ئالتۇنغا ئوخشاش مېتال پۇللار يەنىلا مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلىگەن. يېقىنقى زامان دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭ رايونىدا بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىقا ئاساسەن كۆپ خىل مېتال پۇللار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، سودا ساھەسى قولايلىق ئوبوروت ۋاستىسىگە ئىگە بولغان. بۇ ھال شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىنى يېڭىچە تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىرگەن. تۆۋەندە شىنجاڭ ئىقتىساد تارىخى تەتقىقاتىدا، جۈملىدىن شىنجاڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلە كەسپىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مېتال پۇللار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىنىدۇ.

1 . ئالتۇن پۇل

شىنجاڭ ئۇزاق يىللىق ئالتۇن قېزىش تارىخىغا ئىگە. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ قورغۇچىسى سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن پۇل قۇيۇپ تارقاتقان بولۇپ، بۇ خىل پۇل «تىللا» دەپ ئاتالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى، قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرغان ھەمدە قەشقەر شەھىرىدە قىممىتى بىر سەر ئاق كۈمۈشكە تەڭ بولغان، ئالدى ھەم ئارقا يۈزىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە «سۇلتان ئابدۇل ئەزىزخان» ۋە «پايتەخت قەشقەردە قويۇلدى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. بۇ خىل پۇل يەتتە شەھەر خانلىقى تەۋەسى (ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ئا) دە خېلى كەڭرى ئومۇملاشقان. 1907 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق پەرمانبەردارى ۋاڭ شۇنەن چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە مەركەزدىن شىنجاڭغا ئاجرىتىلىدىغان «ھەمكارلىق پۇلى» نىڭ يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جايلاردىن كېپەك ئالتۇن سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شۇيموگۇ ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدە سوممىسى بىر يارماق ۋە ئىككى يارماقلىق ئىككى خىل ئالتۇن پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. بۇ خىل پۇللارنىڭ ئالدى ھەم ئارقا يۈزىگە خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە پۇلنىڭ سوممىسى، ئارقا يۈزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن. پۇل قۇيۇلغان تۆت ئاي ۋاقىت (1907 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە) ئىچىدە جەمئىي 5001 سەر ئالتۇن سەرپ قىلىنغان. لېكىن بۇ خىل پۇللار بازارغا چىقىشى بىلەنلا باي سودىگەرلەر تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغاچقا، بازار يۈزىدە قايتا ئۇچراتقىلى بولمىغان. شۇ ۋەجىدىن ۋاڭ شۇنەن ئالتۇن پۇل قۇيۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ پۇل ياساش ئىدارىسىدە سوممىسى بىر يارماقلىق ئالتۇن پۇل قۇيدۇرغان. بۇ خىل پۇل «شىنجاڭ ئالتۇن پۇلى» نامىدا ئاتالغان بولۇپ، ئەسلى پىلان بويىچە شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ تارقىتىلماقچى بولغان. لېكىن ئەينى دەۋر شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىش خەۋپى يېقىنلاپ قالغاچقا، ئاخىر تارقىتىلماي قالغان.

2 . مىس پۇل

مىس پۇل شىنجاڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى پۈتكۈل شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئىشلىرىدا بۇ خىل پۇل باشتىن ئاخىر تولىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئادەتتە مىس پۇلنى «قىزىل مىس پۇل»، «يېڭى پۇل» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتىغان. شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن (1759 ـ يىلى) دىن

كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، شەكلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان يارماق (داچەن) قا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، يۇملاق ھەم ئوتتۇرىسى تۆشۈك قىزىل مىس پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. بۇ خىل پۇلغا كۆپ ھاللاردا خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، يەنە ئاز ساندا پەقەت خەنزۇچە، مانجۇچە ئىككى خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەنلىرىمۇ بولغان. ئەڭ دەسلەپكى قىزىل مىس پۇل 1760 - يىلى يەكەن پۇل قۇيۇش ئىدارىسىدە قۇيۇلغان، مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە «يەكەن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن «چيەنلوڭ يارمىقى» بولۇپ، بۇ خىل پۇل ئاساسەن يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پۇل قۇيۇش ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، قىزىل مىس پۇل پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە كەڭ تۈردە ئومۇملىشىپ بارغان. بۇ مەزگىلدە، شەرقىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا بولسا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان مىستىن ياسالغان يارماق پۇل ئىشلىتىلگەن. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغان (1884 - يىلى) دىن كېيىن، قىزىل مىس پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭىيىپ، ئۈرۈمچى ۋە ئىلى رايونلىرىدىمۇ خۇددى يارماققا ئوخشاشلا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. قىممەت جەھەتتە، بىر تىيىن قىزىل مىس پۇل بەش تىيىن يارماققا تەڭ بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، مىسنىڭ باھاسى تېز سۈرئەتتە ئۆرلەپ، ئاز بولمىغان كىشىلەر مىس يارماقلارنى ئېرىتىپ قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە ساقلىۋالغان. شۇ ۋەجىدىن مىس يارماقلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئازلاپ كېتىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا قولايسىزلىق كېلىپ چىققان. 1900 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىس يارماقلارنىڭ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، گۇاڭدۇڭدا قىزىل مىستىن توڭپۇر قۇيۇپ تارقاتقان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ھەر قايسى ئۆلكىلەر بەس - بەستە توڭپۇر قۇيۇپ تارقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بىر قېتىملىق مىس توڭپۇر قۇيۇش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭدا بولسا 1907 - 1908 - يىللىرى ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە، كېيىن ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن قۇيۇلۇپ تارقىتىلغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدە قىزىل مىس پۇل بىلەن توڭپۇر بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇيۇلغان مىس توڭپۇر «گۇاڭشۈي يامبۇسى» بولۇپ، ھەر 100 دانىسى بىر سەر بەش يارماق كۈمۈشكە تەڭ بولغان. كېيىن يەنە ئالدى يۈزىگە خەنزۇچە «شىنجاڭدا ئىشلىتىلىدىغان ئون تىيىن قىزىل مىس پۇل قىممىتىدىكى شۈەنتۇڭ يامبۇسى» ئارقا يۈزىگە ئۇيغۇرچە «ئون تىيىن قىزىل مىس پۇلغا تەڭ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن «شۈەنتۇڭ يامبۇسى» تارقىتىلغان. 1932 يىلى، قەشقەردە ئىلگىرى قۇيۇلغان مىس توڭپۇرنىڭ يېرىم ئېغىرلىقىغا تەڭ كېلىدىغان «گوبيو يامبۇسى» تارقىتىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلاردا 30 نەچچە خىل توڭپۇر قۇيۇپ تارقىتىلغان. 1935 - يىلىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يولغا قويغان فابى (1935 - يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قەغەز پۇل - ئا) سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئاستا - ئاستا مىس توڭپۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىشىگە خاتىمە بېرىلگەن.

### 3. كۈمۈش پۇل

شىنجاڭدا كۈمۈش پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بويان كۆپ ھاللاردا كۈمۈش پۇل ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل پۇلنى «تەڭگە» دەپ ئاتىغان ھەمدە سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. 1827 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقسۇدا شەكلى قىزىل مىس پۇلغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قىممىتى 16 تىيىن قىزىل مىس پۇلغا تەڭ كۈمۈش پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى ھەم ئارقا يۈزىگە «ئابدۇل ئەزىزخان» ۋە «قەشقەردە قۇيۇلدى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن «تەڭگە» نامىدىكى كۈمۈش پۇلنى قۇيۇپ تارقاتقان، شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغان (1878 - يىلى) دىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئاۋۋال كۇچادا، كېيىن ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا بۇرۇنقى «تەڭگە» گە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۈمۈشتىن ياسالغان «گۇاڭشۈي تەڭگىسى» نى تارقاتقان. 1887 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قەشقەردە بۇرۇنقى تەڭگىلەرنى يىغىۋېلىپ، يىل، ئاي ۋە جاي ھەم قويغۇچى ئۇستىنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. 1889 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قۇيۇلغان كۈمۈش پۇللاردىن

(داۋامى 41 - بەتتە)

## ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئالدىنقى يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئاچتى

ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 2000 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا بىرلەشتۈرۈپ 1999 ـ يىللىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر پائالىيىتى، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش ۋە يېزا (بازار) لىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىكى خىزمەتلىرى بويىچە خۇلاسە قىلىش يىغىنىنى ئاچتى.

يىغىندا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1999 ـ يىللىق ۋەكىللەر پائالىيىتىدە ئىلغار بولغان توخۇلا يېزا ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئۈچ ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنى، 26 نەپەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى، ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىشتە بىر قەدەر ياخشى بولغان ئالتە فۇنكسىيىلىك ئورۇننى، 1999 ـ يىلدا يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئىلغار بولغان توخۇلا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىكى قاتارلىق ئۈچ ئورۇننى ۋە ئۇلارنىڭ رەئىسلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىدى.

ئۇنسۇ ناھىيىسىدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پائالىيىتى، يېزا (بازار) لىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەر بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى 1999 ـ يىلدا ئالدىنقى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە ياخشى بولغان. مەسىلەن، ئۇنسۇ ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى گۇرۇپپىلار بويىچە تەشكىللىنىپ ھەر ئايدا بىر قېتىمدىن ھەر خىل مەزمۇندىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، سايلىغۇچىلارغا پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى، قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشنى دائىملاشتۇرغان. سايلىغۇچىلار بىلەن ھەر ۋاقىت ئۇچرىشىپ سايلىغۇچىلار ئىنكاس قىلغان 482 تۈرلۈك پىكىر ـ ئىنكاسلاردىن 230 تۈرلۈكىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاپ بېرىپ «قىزىق نۇقتىلىق» مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ۋە 203 ئورۇن خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۇچراتقان 229 تۈرلۈك مەسىلە ۋە ئىنكاستىن 183 تۈرلۈك ئەھۋالنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 84 ۋەكىل 1999 ـ يىل ئىچىدە ھەر خىل ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە 26 مىڭ 186 يۈەن قىممىتىدە پۇل، ئاشلىق، چارۋا، خىمىيىۋى ئوغۇت، كىيىم ـ كېچەك ۋە ماشىنا، ئەمگەك كۈچى بىلەن ياردەم بەرگەن.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان نەمەت (يەككە تىجارەتچى) 3 تونىنا كۆمۈر، 40 مىڭ دانە خىشنى تورالغۇ ئۆي ۋە قىشلىق ئائىلە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار شەھەر ئاھالىلىرىگە ھەقسىز ياردەم قىلغان. 64 نەپەر ناھىيىلىك خ ق ۋەكىلى 112 نامرات ئائىلىدىكى 365 نەپەر نامرات كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىپ ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بەرگەندىن سىرت 16 مىڭ 180 يۈەن قىممىتىدە ماددىي نەرسىلەرنى ھەقسىز ياردەم قىلغان.

42 نەپەر ناھىيىلىك خ ق ۋەكىلى نامرات، قىيىنچىلىقى بار دېھقان ئائىلىلىرىگە 88 مىڭ 410 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەرگەن.

يېزا (بازار) لىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى ۋە پونكىت ـ ئورۇنلارنى باھالاش ياخشى قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلغان. 188 نەپەر يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار دېھقان ئائىلىلىرىگە 151 مىڭ 960 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەرگەن، بۇنىڭدىن باشقا ۋەكىللەر ئارىسىدا نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا يىللىقلىق، مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرى كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلغان. مەسىلەن، يېزا (بازار) لىق خ ق ۋەكىللىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلاردىكى خەلققە 13 مىڭ 515 يۈەن قىممىتىدە، نامرات دېھقان ئائىلىلىرىگە 20 مىڭ 644 يۈەن قىممىتىدە، قىيىنچىلىقى ئېغىر

55

ئائىلىلەرگە 3880 يۈەن قىممىتىدە پۇل، ئاشلىق، چارۋا ، كىيىم ـ كېچەك، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلارنى ياردەم قىلغان. هازىر ئۈنسۇ ناھىيىسىدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى خىزمەتلىرىدە ئاۋانگارتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا.

تۇرسۇن نۇر

※ ※ ※ ※ ※

## شەنبەبازار بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى «خ ق خىزمەت نىزامى» ئېلان قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى

كېرىيە ناھىيىسىدىكى شەنبەبازار بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەممە پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلارغا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، سايلام قانۇنىدىن مەخسۇس چۈشەنچە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىيۋى كۆز قارىشى يەنىمۇ كۈچەيدى. شۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ئاساسىي قاتلام يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ۋەكىللىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان توققۇز نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 556 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى ھەمدە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ۋەكىللەر گورۇپپىسىغا «ئىلغار ۋەكىللەر گورۇپپىسى» دەپ نام بېرىلىپ گورۇپپا باشلىقلىرىغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ھەم «سايلام قانۇنى» ، «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن» ئوقۇشلۇقىدىن بىردىن تارقىتىپ بېرىلدى.

مەمەتجان ھېيت

## ئۈنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى

ئۈنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئەرزىيەت خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارنىڭ ساداسىغا قولاق سېلىش، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىگىلەش ئارقىلىق هال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى غەمدىن خالاس قىلىشقا پائال ياردەم بەردى.

ئۆتكەن بىر يىلدا 172 ئادەم ـ قېتىم 104 پارچە ئەرزنى قوبۇل قىلىپ 19 پارچىسىنى بىۋاسىتە ھەل قىلدى. 85 پارچىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھەل قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

قادىر

※ ※ ※ ※ ※

## توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى باھالىدى

توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىلەن تۈزگەن قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل باھالاپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، باھالاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ سۈرئىتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە مەمۇرىيەت جەھەتتىن قايتا قاراش ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىش، قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى داۋاملىق كۈچەيتىش پىكرىنى بەردى. ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە سوتچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سوتلاش تەرتىپىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش، دېلو ئىشلەش

سالمىقىنى زورايتىش پىكرىنى بەردى. ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە پروكراتورلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، سوت مەھكىمىسىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش پىكرىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

قۇربانجان، لەن چىشاڭ

※ ※ ※ ※ ※

## گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن خىيانەتچىلىك ئەنزىسى تولۇق بىر تەرەپ قىلىندى

بۇ يىل 2 ـ ئايدا گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا «قوشتاغ يېزىسىنىڭ 1 ـ كەنتىدىكى بوغالتىر مەمتىمىن نۇرمەمەت قاتارلىق كەنت كادىرلىرى مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ كەنتنىڭ 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مال ـ مۈلكىگە خىيانەت قىلدى» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە تەپسىلىي يېزىلغان ئەرزىيەت يېتىپ كېلىدۇ. دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى بۇ ئەرزنى ئالاقىدار تارماقلارغا بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرىغان بولسىمۇ، لېكىن، كەنتتىكى دېھقان ۋەكىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن دائىمىي كومىتېتقا تۆت قېتىم كېلىپ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلاردىن مەخسۇس تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگە قەدەر بۇ كەنتنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ ۋە نازارەتچىلىك قىلىپ، 13 نەپەر كەنت كادىرىغا چېتىشلىق بولغان 18 مىڭ 410 يۈەن خىيانەتچىلىك ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ قالدى.

ئابلىمىت توختىباقى

## قاغىلىق ناھىيىسىدە يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1999 ـ يىللىق يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇش، 2000 ـ يىللىق يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئورگاندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولتۇر يىل ئاخىرىدا بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ناھىيىدىكى شىخىشۇ يېزىسىدىن باشقا 19 يېزا ـ بازارغا بېرىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، 20 نەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈستىدە 100 لىك نومۇرنى ئاساس قىلىپ نومۇر قويۇش ئۇسۇلى بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ باردى ۋە جايلارنىڭ ئوخشىمىغان تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇردى. خىزمەتلىرى جانلىق، نەتىجىلىرى گەۋدىلىك، تەجرىبىلىرى كۆرۈنەرلىك بولغان بەشئېرىق، چاسمىچىت، چارباغ، چىپان، غوجائېرىق قاتارلىق يېزا ـ بازارلارنى ئالدىنقى قاتارغا تىزىپ، ئۈلگە قىلىپ تىكلىدى. بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەر قايسى يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن بەشئېرىق، چاسمىچىت يېزىلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى ۋە مەخسۇس تېمىدا تەجرىبە ئالماشتۇردى.

ئىدرىس قادىر

※ ※ ※ ※ ※

## خ ق ھەيئەت رىياسەتى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەردە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا

ئونسۇ ناھىيە چاغراق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، چاغراق يېزىسىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ۋەكىللەرنىڭ ئامما بىلەن

پارتىيە، هۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامما ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ئورتاق ھىمايىسىگە ئېرىشتى. يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيانقى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىدە خەلق ۋەكىللىرىنى پائال ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەرگە بولغان مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش مەخسۇس كۆرىشىنى قانات يايدۇردى. قەرەللىك ھالدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنى ۋەكىللەر ئارىسىدا ئۆگىنىش قىلدى. بۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى يەنىمۇ يېڭىلىنىپ، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىشلەش ئىرادىسى كۈچەيتىلدى.

**ئەخمەتجان ئىدرىس، شادگۈل ھۆسەن**



※ ※ ※ ※ ※

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى خۇلاسە يىغىنى ئېچىپ ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ 1999 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلىدى ھەمدە قارار ماقۇللاپ ئاتچان يېزىلىق ھەيئەت رىياستى قاتارلىق ئالتە ئىلغار ئورۇننى تەقدىرلىدى.

يىغىندا، يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ 99 ـ يىللىق خىزمەتلىرىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، ساقلانغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا تۈزىتىش تەدبىرلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت، ۋەزىپىلەر تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق ئۆلگىلەرنى تىكلەش، ئىلغار تەجرىبىلەرنى قانات يايدۇرۇش؛ توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ئالاھىدە تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىلھام بېرىپ، بۇ يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلغار ئورۇنلار تەجرىبە ـ تەسىراتىنى تونۇشتۇردى، ئارقىدا قالغان ئورۇنلار ئىپادە بىلدۈردى.

ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرى ئالتە ئىلغار خ ق ھەيئەت رىياستىگە قارىتا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى:

1. ھەر قايسى خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى يېزا ـ بازارلىق پارتكوملارنىڭ قوللىشى ئاستىدا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش لازىم.

2. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى — مۇقەددەس قانۇنىي ۋەزىپە. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى، شەرەپلىك نامىنى قەدىرلىشى، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈشى، بېرىلىپ ئىشلەپ خىزمەت داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى تىكلىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ...وپۇزىنى قوغدىشى كېرەك.

3. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا، تېررورچى جىنايەتچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، مىللەت بۆلگۈنچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتا كەڭ ئاممىغا باشلامچى بولۇش لازىم.

4. ھەيئەت رىياسەتلىرى قانۇن ئاتا قىلغان ھوقۇقنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، «خىزمەت نىزامى»نىڭ روھىغا ئاساسەن نازارەتچىلىك سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشى، بۇ ئارقىلىق مەمۇرىي ئىشلارنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**ياسىن ھاشىم**

## ئىگەچى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ۋەكىللەرگە ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كادىرلار چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى

ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق ئىگەچى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەخسۇس كۇرس ئېچىپ، 25 ـ فېۋرال جۇڭشىن بۇرۇن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كادىرلار چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن «تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايلى» دېگەن تېمىدىكى سۆزىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇ چاڭشېڭلەرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. يىغىندا يەنە ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكومنىڭ «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» ئوقۇپ ئۆتۈلدى. كۇرسقا شەھەر، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 47 كىشى قاتناشتى.

ئابلىمىت ئىبراھىم

※ ※ ※ ※ ※

## ئالاغىر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى، يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بۆلتۈردىن بۇيان ھەر قايسى كەنت، ئىدارە، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى «ئۈچ قالايمىقان» نى ئوڭشاش، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بۇ يېزىدا بۆلتۈردىن بۇيان يېزا بويىچە تۈزەتىلگەن ناتوغرا ئىستىل مەسىلىسى 12 گە، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو ئالتىگە، تۆلەتتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي زىيان 102 مىڭ 223 يۈەنگە، قايتۇرۇۋېلىنغان ئىنتىزامغا خىلاپ چىقىم قىلغان پۇل 14 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. يېزىدىكى «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈگىتىشتە 3500 دىن كۆپرەك دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسىگە سېلىقتا نازارەتچىلىك قىلىش كارتوچكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. 21 كەنتتە كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تۆت خىل نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ جەمئىي 1 مىليون 731 مىڭ يۈەن سېلىقى ئازايتىلدى. خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى ئېنىقلاش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن، داۋالىنىش ھەققى يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش ھادىسىلىرىنى تۈزىتىش خىزمىتىدىمۇ بەلگىلىك ئىلگىرىلەشلەر ھاسىل قىلىندى.

يۇقىرىقىدەك ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغاچقا، خەلق ئاممىسى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن رازى بولۇشتى.

ئوسمانجان بارات

※ ※ ※ ※ ※

## ئالاغىر يېزىسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە نامراتلارغا يوللۇقلۇق يەتكۈزدى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىش ۋە ئەتىيازدىكى سېرىقتال ۋاقىتلاردا نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆز قىيىنچىلىقىم دەپ بىلىپ ئۇلارغا يوللۇقلۇق يەتكۈزدى.

بۇ يېزىدا 58 نەپەر ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 3 ـ

ئايغىچە 1700 كىلوگىرام ئاشلىق، 112 كىلوگىرام سۇ يېغى، 62 كىلوگىرام گۆش - ياغ، 178 قۇر ھەر خىل كىيىم - كېچەك، 8300 كىلوگىرام ئوتۇن - كۆمۈر قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى يېزا دائىرىسىدىكى 112 نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

**ئوسمانجان بارات**

※ ※ ※ ※ ※

## خەلق ۋەكىللىرى خەلقنىڭ غېمىنى يېدى

قاراقاش ناھىيىسىدىكى قوچى يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ ئۇلار ئۆچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى.

قوچى يېزىلىق 6 - نۆۋەتلىك خ ق ھەيئەت رىياسەتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاش، خەلقنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى يوللاش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن بۇ يېزىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 53 نەپەر ۋەكىلى بۇ يىل يىل بېشىدىن 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئاممىا ئىنكاس قىلغان 35 تۈرلۈك نۇقتىلىق پىكىر - ئىنكاس ۋە تەلەپلەرنى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىگە سۇندى ھەمدە بۇ جەرياندا تۇرمۇشىدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 51 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ يوللىدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئالدى بىلەن تۇرمۇشىدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى باشلامچى بولۇپ ۋەكىللەرنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمى ئاستىدا 3020 يۈەن نەق پۇل، 1500 كىلوگىرام بۇغداي، 1246 كىلوگىرام قوناق، 92 كىلوگىرام گۈرۈچ، 49 كىلوگىرام سۇ مېيى، 41 قۇر ئىشتان - چاپان، 96 پارچە كېگىز، 81 جۈپ ئاياغ، 975 كىلوگىرام ئوتۇن - كۆمۈر، 200 مېتىر رەخت قاتارلىق 12 مىڭ 135 يۈەن قىممىتىدە ئىئانە توپلاندى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى يېزىلىق خەلق ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ ياردىمىدە بۇ ماددىي بۇيۇملارنى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 51 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بەردى. قالغان پىكىر - ئىنكاسلارنى يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

**ئاينۇر ياسىن**

※ ※ ※ ※ ※

## لوكچۈن بازىرىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى

پىچان ناھىيىسىنىڭ لوكچۈن بازىرىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش جەھەتلەردە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، 37 نامرات ئائىلىنى بېيىش يولىغا يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارغا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، ماددىي جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەرگە 7399 يۈەن پۇل، 20 خالتا ئۇن، 45 كىلو چىگىت ماي، ئىككى خالتا ئازوتلۇق ئوغۇت، 1000 كىلوگىرام كۆمۈر، 310 قۇر كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدى. مائارىپقا 550 يۈەن، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا 6600 يۈەن، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا 2210 يۈەن ئىئانە قىلدى. كەسپىي ئائىلىلەرگە 36 مىڭ 500 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

**تاھىرجان قادىر**

## يوپۇرغا ناھىيىسى 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋات- لىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

بۇ ناھىيە ئالدى بىلەن قانۇن ساۋاتلىرىنى
ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت پىلان - تەدبىرلىرىنى
تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى، رەھبەرلىك-
نى قاتلاممۇقاتلام كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنىڭ پۇختىلا
قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ 1995 - يىلدىن بۇ-
يان ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت ئامانلى-
قىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە
بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇن ئۆگى-
نىشىنى چىڭ تۇتتى؛ مۇھىم نۇقتىنى ئاساسىي قاتلامغا
قارىتىپ، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، خەلق ئەس-
كەرلىرى، ئاياللار ۋە دىنىي زاتلارنى قانۇن ئۆگىنىش
كۇرسلىرىغا تەشكىللەپ، قانۇن - نىزاملارنى ئۆگى-
نىشكە نۇقتىلىق يېتەكلىدى، ناھىيىلىك ئەدلىيە ئى-
دارىسى ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردە قانۇن ئۆگىنىش
كۇرسلىرىنى ئېچىش بىلەن بىرگە، 190 قېتىم تەشۋى-
قات ئاپتوموبىلى چىقىرىپ، 96 مىڭ 500 ئادەم - قې-
تىمغا قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلدى. 100 مىڭ
پارچىدىن ئارتۇق قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات ماتېرىيالى
تارقاتتى. يېزا دەرىجىلىك كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەنلەر
18 مىڭ 800 ئادەم - قېتىمغا، كەنت دەرىجىلىك
كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەنلەر 73 مىڭ 500 ئادەم - قې-
تىمغا، دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ساۋاتلىرى بويىچە تەر-
بىيىلىنىش كۆلىمى % 94 كە يەتتى. ھەر قايسى يې-
زا - بازارلاردا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى تەسىس
قىلىنىپ دېھقان - چارۋىچىلار سورىغان سوئاللارغا جا-
ۋاب بەردى. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى
ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى
ئېلىپ بېرىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى قانۇن
تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى.

بۇ ناھىيە كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭ قانۇن ئۆگىنىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى: 16 قارار
قانۇن - نىزام ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، مۇئاۋىن بۆلۈم
دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلاردىن 1800 ئا-
دەم - قېتىمنى نۇقتىلىق تەربىيىلىدى، مەخسۇس
لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ھەر قايسى
ئىدارە - ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ، 8200 ئادەم - قېتىمغا قا-
نۇندىن دەرس ئۆتتى. ھەر قايسى ئىدارە - ئورۇنلار يەنە
قانۇن تەشۋىقات تايانچىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، قەرەللىك
ھالدا كەسىپكە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىن دەرس ئۆ-
تۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش كۆ-
لىمىنى %100 كە يەتكۈزدى. ناھىيىلىك قانۇن ساۋات-
لىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپ-
پىسى 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرى ئوقۇشلۇقىدىن
ئىككى نۆۋەت ئىمتىھان ئالغاندىن باشقا، ناھىيىلىك خ
ق دائىمىي كومىتېتى رەھبىرىي كادىرلاردىن قانۇن بى-
لىملىرى بويىچە بىر نۆۋەت ئىمتىھان ئېلىپ، ئۆگى-
نىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. نەتىجىدە، بۇ ناھىيە-
دىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن ساپاسى بەلگىلىك دە-
رىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلمىغان،
قانۇن بويىچە ئىش قىلمىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا
كەلدى.

ئابلىمىت توختى

بۇ ساندىكى خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 - 4828065



# دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن غەرب دۆلەتلىرى پارلامېنتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

دۆلىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. يەنى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، قارار قىلىش ھوقۇقى، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى ۋە نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى (ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ). دۆلىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتەك شەكلى بىلەن چەت ئەل پارلامېنتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىگە ئوخشاش رول ئوينايدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىگە ئىگە. ئەمما، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تەشكىلىي پرىنسىپىغا ئاساسەن تۇرغۇزۇلغان. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پارلامېنتى بولسا «ئۈچ ھوقۇق ئايرىم تۇرۇش» يېتەكچى پرىنسىپىغا ئاساسەن تۇرغۇزۇلغان. شۇڭا ئاشۇ ئىككى خىل پرىنسىپ ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە مۇھىم پەرقلىرى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ يولغا قويىدىغان دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى. بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پارلامېنتلىرىمۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى دەپ ئاتالسىمۇ، قانۇنىي نۇقتىدىن دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا بار ھوقۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى ئاز، كىچىك بولىدۇ.

2. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پارلامېنتلىرى ئوخشاش ئەمەس. بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىۋاسىتە سايلام ئارقىلىق ياكى كۆپ قاتلاملىق ۋاسىتىلىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى بىۋاسىتە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەندىن باشقا، مەملىكەتلىك ھەمدە ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇشۇ ۋاسىتىلىك سايلامدا بارلىققا كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ سايلىغۇچى يۇقىرىلىرى بولمايدۇ. دېمەك، ۋەكىللەر بىلەن سايلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە مەسئۇلىيەت، مەنپەئەت ۋە نازارەت مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. چەت ئەل پارلامېنتلىرىنىڭ ئاساسى تۆۋەن پالاتادۇر. تۆۋەن پالاتا ئاساسىي جەھەتتىن سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە سايلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنىڭ گەرچە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن سايلىغۇچىلارنىڭ ئالاقىسى ۋە مەنپەئەتى زىچ بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بولسىمۇ، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بەزىدە ئوخشىمىغان مەلۇم قىسىم سايلىغۇچىلارنىڭلا ياكى مەلۇم گۇرۇھنىڭلا مەنپەئەتىنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلىدىغان كەمتۈكلىكى بار. ئىككىنچىدىن، چەت ئەل پارلامېنتلىرىنىڭ ئەزالىرى مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سىياسىئون ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بولسا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. يەنى، ۋەكىللەر يىلدا بىر قېتىم قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئورنىغا قايتىپ ئەسلىدىكى خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ئىككى قاتلامغا بۆلۈنگەن: ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغان، قۇرۇلتاي خېلى كۆپ ۋەكىللەردىن تەركىب تاپىدۇ، ھەر يىلى بىر قېتىم يىغىن ئاچىدۇ. يىغىن ۋاقتىمۇ قىسقا بولۇپ، ئاساسەن دۆلەت ياكى رايونلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىدۇ. قۇرۇلتايدا بىر دائىمىي كومىتېت بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ قۇرۇلتاي

يېپىق سەزگىلىدە داۋاملىق ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ئورگان بولۇپ، قۇرۇلتاي ئالدىدا مەسئۇل بولىدۇ ۋە قۇرۇلتاينىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ۋەكىللەر قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق ئىككى قاتلاملىق ھوقۇق يۈرگۈزۈش تەشكىلى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پارلامېنتىدا يوق. غەرب دۆلەتلىرىدىكى پارلامېنتتا ئىككى پالاتا بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا پارلامېنت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدىغان ئىككى سۇبيېكت بولماستىن، پەقەت بىرلىشىپ پارلامېنت ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان سۇبيېكتلاردۇر. دېمەك، ئىككى پالاتا دۆلىتىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا ئوخشىمايدۇ.

3. دۆلىتىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلار ياكى سايلىغان ئورۇننىڭ نازارىتىدە بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن قالدۇرۇۋېتىلىدۇ. چەت ئەل پارلامېنتلىرىنىڭ ئەزالىرى ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، سايلىغۇچىلار ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. ۋەكىللەرگە قارىتا نازارەتچىلىك قىلىش - قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى قالدۇرۇۋېتىشكە بولۇش - بولماسلىق پارلامېنتتا راست دېموكراتىيە، مۇكەممەل دېموكراتىيە بارلىقى ياكى يالغان دېموكراتىيە، كەمتۈك دېموكراتىيە بارلىقىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى.

4. دۆلىتىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. غەرب دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي پارتىيىلەر بولسا پارلامېنت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك.

چەت ئەللەردە، سىياسىي پارتىيىلەر پارلامېنتتا مۇھىم رول ئوينايدۇ ھەتتا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پارلامېنتنى تىزگىنلەش، ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش مەقسىتىدە پالاقشىيدۇ. ئۇلار بۇ پائالىيەتلەرنى پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق پارتىيە رەھبىرى ۋە پارتىيىلەرنىڭ پارلامېنتتىكى ئۆمەكلىرى ئارقىلىق يولغا قويىدۇ.

(«تەشۋىقات قوللانمىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 4 - سانىدىن)

سەمەت دۆگايلى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم
تېلېفون: 61203 - 4828065

## ئۇزۇن خىل كىشىلەر چاي ئىچسە بولمايدۇ

تۆمۈر يېتىشمەسلىك خاراكتېرلىك قان ئازلىق كېسىلى بارلار: چايدىكى تاننىن كىسلاتاسى ئادەم بەدىنىنىڭ تۆمۈرنى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قان ئازلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

نېرۋىسى ئاجىزلار: چايدىكى كوففېئىن ئادەمنى روھلاندۇرۇۋېتىپ، ئاساسىي مادىدا ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئۇيقۇسىزلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئاشقازان، ئۈچەي يارىسى بارلار: كوففېئىن ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ئاجرالمىلىرىنى غىدىقلاپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ يارىنىڭ ساقىيىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

جىگەر ئىقتىدارى ياخشى بولمىغانلار: كوففېئىننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جىگەر ئارقىلىق مادىدا ئالماشتۇرىدۇ، جىگەر ئىقتىدارى بولمىغانلار چاي ئىچسە جىگەرنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

قەۋزىيەت كېسىلى بارلار: تاننىن كىسلاتاسىنىڭ يىغىش رولى بولۇپ، ئۇ ئۈچەي يولىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىپ، قەۋزىيەتنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولغانلار: چايدىكى چۆپ كىسلاتاسى تاشنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار: كوففېئىن ئانا سۈتى ئارقىلىق بوۋاقنىڭ تېنىگە كىرىپ بالىدا ئۈچەي تارتىشىپ قېلىش، قان ئازلىقنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بالىنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

يۈرەك كېسىلى بارلار: چاينى بەك كۆپ ئىچسە يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەردە يۈرەكنىڭ سوقۇش رېتىمى نورمال بولماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

ھامىلىدار ئاياللار: چاينى كۆپ ئىچسە، بوۋاق كىچىك، ئاجىز، ئورۇق تۇغۇلىدۇ.

مەست بولۇپ قالغانلار: ئىسپىرتنىڭ يۈرەك، قان تومۇرغا بولغان غىدىقلىشى بەك چوڭ، كوففېئىن يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى تېزلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئىككىسى بىرلىكتە تەسىر كۆرسەتسە يۈرەك ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك.

«تەرمىلەر گېزىتى» دىن
قەييۇم ئابدۇللا تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم
تېلېفون: 61203 - 4828065

63

# سەھرا

ئابدۇكېرىم ئۆمەر

پۈرقىراپ تۈرسىمۇ توپا ـ تۇمان چاڭ،
ئالىمەن سېنىڭدىن قېنىپ ھەر نەپەس.
زەررىچە توپاڭمۇ ماڭا تۇتىيا،
شۇڭىمۇ سەھراغا قىلىمەن ھەۋەس.

سەھرادا تۇغۇلۇپ، سەھرادا ئۆستۈم،
شۇڭىمۇ سەھراغا قەلبىم بىر تۇتاش.
مەن ئۈچۈن قىممەتلىك، مەن ئۈچۈن گۈزەل،
سەھرادا تەر تۆكۈپ سەھرادا ياشاش.

سەھرانىڭ يايلىقى تېخىمۇ گۈزەل،
يايلىشار ئات ـ كالا، قوزا ـ تايچاقلار.
چارۋىدار بوپ قالدى بۈگۈن يايلاقتا،
داشۆنى پۈتتۈرگەن ئوغۇل ـ قىزچاقلار.

سەھرادا يېتىلگەن سەھرا ئوغلىمەن،
سەھرادىن سۇ ئىچكەن، كۆڭلى يايرىغان.
سەھرانىڭ دەشتىنى چىمەنباغ بىلىپ،
سەھرادا بۇلبۇلدەك خۇشال سايرىغان.

سەھرادا تۇغۇلدۇم، سەھرادا ئۆستۈم،
ياشايمەن سەھرادا ئەبەدىل ـ ئەبەد،
تاۋلايدۇ ياشلارنى، سېنى ھەم مېنى،
جىمىكى ھاياتنىڭ لەززىتى ئەمگەك.

# ئۇستازلىق پەخرىدە مەن ئۆزۈمگە شاھ

جانىخان ئەلىفشا (تاجىك)

شاھلارنىڭ تاجى يەتمەيدۇ ئېنىق،
ئۇستاز مۇئەللىمگە ئەبەدىل ـ ئەبەد.
ئۇستازلار بار قىلار، مېھنەت ـ ئەجرىدە
دۇنياغا شاھ، ئالىم ھەمدە سەلتەنەت.

ئۇستازنىڭ باھارى كېلەر شۇنىڭدىن،
ئەجرىدىن ئەي بولسا بىر مەزمۇت كۆچەت.
شادلىقى تاشىدۇ ئالەمگە بىردىن،
نەپ بەرسە كۆچىتى ئەل ـ يۇرتقا پەقەت.

بىر ئاددىي ئۇستازمەن تەمەدىن يىراق،
ئوردام بار، بىر بەلەن تاغلار قوينىدا.
قوياشقا باشلىغان يۇلتۇزلىرىم بار،
ھەر سەھەر چاقنىغان سامان يولىدا.

كېلىچەك يولىنى ياسايمەن داۋام،
ئۇنىڭسىز ھەر بىر كۈن مەن ئۈچۈن گۇناھ.
ئوردىنىسىز، ئەمەلسىز ئۆتكىنىم بىلەن،
ئۇستازلىق پەخرىدە مەن ئۆزۈمگە شاھ.

# رۇبائىي ۋە پارچىلار

باتۇرجان ئاتىخان (تاجىك)

باراۋەر تەڭ قىلدى بىزنى بۇ ۋەتەن،
مەيلى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ قىزنى بۇ ۋەتەن.
كىمكى بۇ مىزانغا قىلسا خىلاپلىق،
قىلمايدۇ ئۇنىڭغا «يۈز» نى بۇ ۋەتەن.

※ ※ ※ ※

ئىناقلىق بولىقى ھەممىدىن ئەۋزەل،
شاد، ئىناق تۇرمۇشتىن ياڭرايدۇ غەزەل.
مۇقىملىق بولمىسا ئەگەر ھەر جايدا،
زەھەرگە ئايلىنار يېسەڭمۇ ھەسەل.

※ ※ ※ ※

ياشاشقا ھامانە ئىرادە كېرەك،
ئىرادە قان بولسا، ئىجتىھات يۈرەك.
قان بىلەن يۈرەكتىن ياشنايدۇ ھايات.
ئۇنىڭسىز بىل ياشاش ئۆلۈمدىن دېرەك.

※ ※ ※ ※

ئادەملەر ھوقۇقتا بولسا باراۋەر،
ئۆتمىكى بەرھەقتۇر ئىناق، كەچ ـ سەھەر.
بۇ ھېسنى چۈشەنگەن ئەل تاپار روناق،
ئەكسىنچە بولسا ئۇ چېچىلىپ تۈگەر.

※ ※ ※ ※

ھەر دىلغا ئۆز يېرى بىلىنەر جەننەت،
بولسۇن پاك گۈلىستان ياكى چۆل ـ مەينەت.
نېمىشقا بۇ رىشتە چوڭقۇردۇر دېسەڭ،
ئېنىقكى قانغا بۇ سىڭگەن مۇھەببەت.

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى
تېلېفون : 61208 ـ 4828065



ئېگىزلىكتىكى دېھقان ئۆيى

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى

**شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر سۈرەتلەردىن تاللانما**



كۆنەستىكى چارۋىچىلار كۆيى

دىڭ چاڭمىڭ فوتوسى




مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1166/D باھاسى 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى:01005433